ئىمىن تۇرسۇن

# ھەۋەس

مىللەتلەر نەشرىياتى

2

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شائىر ئىمىن تۇرسۇن

# نەشرىياتتىن

ئىمىن تۇرسۇن 1925 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قول ھۆنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 6 يېشىدىن تارتىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ دىنىي تەلىم ئالغاندىن باشقا، ئەرەپ - پارس تىللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگەنگەن؛ 1935 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىدىنمۇ باشلانغۇچ ساۋات ھاسىل قىلغان. ئاپتور 17 يېشىدىن باشلاپلا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا باشلانغان بولسىمۇ، ئەسەرلىرى ئاساسەن 1941 - يىلدىن ئېتىۋارەن مەتبۇئاتتا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ ھەر خىل تېمىدا خېلى كۆپ شېئىر - داستان، پوۋېستلار ماقالا، ئەدەبىي تەنقىت - تەقرىز ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، تولىسى نابۇت بولۇپ كەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئاپتور ئاساسەن نەشرىياتچىلىق، تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى ھەم شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

«ھەۋەس» ناملىق بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيىتىدە ساقلىنىپ قالغان شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى كىرگۈزۈلدى.

## مۇندەرىجە

### تۇن نالىسى


مومام........................ 3
قوغۇن پىشقاندا........................ 5
لېنىن يولى........................ 7
"ئاچىل"........................ 9
ئاتقاق........................ 11
قويچى........................ 13
مۇھەببەت........................ 16
ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تەرمە........................ 18
كونا قورغان........................ 20
گۈلۈم بولامسەن؟........................ 22
بولما غاپىل........................ 24
ئۇرۇمچىگە مەكتۇپ........................ 26
بىزمۇ گۈللەيمىز........................ 31
قىزلار - جۇۋانلار........................ 32
قىلىك........................ 35
گۈلۈم........................ 37

ئۇيغۇر كىتاب تورىمىز
www.uyghurkitap.com

"ئەي، ئانا!"............................ 38
ئۇرۇمچىگە ئىككىنچى مەكتۇپ.................. 40
ئايخان يار (باللادا).......................... 44
هالىمغا باق!................................ 51
كەتمەيدۇ .................................. 53
سەن! (1).................................. 54
مەن! ..................................... 55
دەردىم ۋە دەرمانىم.......................... 56
سەن (2)................................... 60
گادامەن .................................. 62
ساڭا بەنتمەن................................ 63
قايغۇم .................................... 65
"يېڭى يىل"غا مەدھىيە........................ 66
ئىشتىياق (مۇخەممەس)......................... 68

## تاڭ ناۋاسى

ئازاتلىق جەڭچىلىرىگە......................... 73
نورۇزغا ئەقىدە.............................. 77
يېڭى ئاڭ.................................. 80
يەر ئىگىسىنى تاپتى.......................... 82
ئاچقىل ساۋاتنى!............................. 84
چىمەننەگۇل ................................ 86

تۇيۇقلار ........................ 88
قىزىل گۇل (باللادا) ........................ 90
مەن تەسەددۇق ........................ 99
ئەجەپ ئوبدان زامان كەلدى (قەسىدە) ........................ 101
— سەككاكىغا مۇشائىرە
بۇلبۇل بىلەن تۇتى (مەسەل) ........................ 107
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە (تەرجىئى بەند) ........................ 122
ئەسسالام ........................ 125
ئاندىن ـ مۇندىن (بەش پارچە) ........................ 127
باھار ئىشتىياقى ........................ 127
ئۆمۈرنىڭ قىممىتى ........................ 128
دوستۇمغا! ........................ 128
كۆڭلى قارا ........................ 129
ماۋزۇسىز ........................ 130
تاپ يولۇڭنى، ئەي يىگىت ........................ 131
روناق تاپقىن رەنا قىز ........................ 135
پۈتمىگەن شېئىر ........................ 139
قاش ........................ 143
سالام، كۈنەس ئېلى! ........................ 145
ناخشا تېكىستلىرى ........................ 147
ئەجرى قىل ........................ 147
سازىم ........................ 148

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىل.................................................148
مەن.................................................149
بەختىيار.................................................150
ئەل قەدرى.................................................151
ۋەتەن.................................................152
باتۇر يارىم بار.................................................153
گۈلۈم.................................................154
ئاغزى هاك قالسۇن.................................................155
يار-يار.................................................156

# تۈن نالىسى

(1941—1949)

دىلىم سۇنۇق، تىلىم تۇتۇق، ئەقلىم ھەيران،
نەخۇشدۇرمەن، بىھۇشدۇرمەن، كۆلبەم ۋەيران.
رەھىمسىز كۈن، تىنىمسىز تۈن رىيازەتىن
تارتىدۇرمەن، لېكىن كۆزدە تىلەك تەيران.

www.uyghurkitap.com

# مومام

ئوقۇپ موللا بول! — دەپ مېنى مومام،
يولغا سالاتتى ھەر كۈنى سەھەر.
يانار چېغىمدا يولۇمغا قاراپ،
قوېسغىمدىنمۇ ئالاتتى خەۋەر.

بوۋاڭنى دورا، — دەيتتى جان مومام، —
ئوقۇغىن ھارماي، يا ئۆگەن ھۈنەر؛
ئەجرىڭ تاپارسەن، ئەقىللىق بالام،
ماڭغان يولۇڭدىن قىزىل گۈل ئۈنەر.

بوۋام كىم؟ دېسەم، ئۇ: باتۇر، دېدى،
ئەل ئۈچۈن جاندىن كەچكەن ئەر، دېدى.
ياقا يۇرتلاردا بولۇپ سەرگەردان،
بوۋاڭنى يۇتتى قارا يەر، دېدى.

بوۋاممۇ گويا كۆزگە كۆرۈنۈپ،
ئوقۇ دېگەندەك ماڭا بىلىندى.

ئوقۇشتىن يەرمەي* ماگدىم ئۇمتۇلۇپ،
بىلىمگە كۆڭلۈم مەھكەم ئىلىندى.

مومام ئاخشىمى چىراقنى پەرلەپ،
ھەۋەس قىلاتتى قىرائىستىمگە.
گويا ئۆزىمۇ بىلگۈسى كېلىپ،
قاراپ قوياتتى ھۆسنى خېتىمگە.

ئۆچۈرمە بالام چىرىغىمنى، — دەپ
ئۆتتى ئالەمدىن ئاق كۆڭۈل مومام.
مومام سۆزىنى ھەمىشە ئەسلەپ،
ئوقۇيمەن ئۇبدان يەتكۈنچە چامام.

1941 - يىل، ئۈرۈمچى.



* يەرمەي — زېرىكمەي، بىزار بولماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قوغۇن پىشقاندا

چوڭ تاغام كىردى قوغۇن پىشقاندا،
"چىققىنلار! — دېدى، — قوغۇن يېگىلى".
مەن چىقتىم بالدۇر مېنىپ ئېشەككە،
تاغاچاملارغا "كەلدۇق" دېگىلى.

دېگەر ۋاقتىدا چوڭ-كىچىك ئۇلاش،
شېكەر سۈيىدىن يېگىلى تۇردۇق.
"ئاق ناۋات يەڭلار" — دېدى تاغاچام،
ئۈچ تىلىم يەپلا غىققىدە تويدۇق.

ئەتىسى تاغام كۆپ قوغۇن ئۈزدى،
چۆنەكتىن ئاتلاپ توشۇدۇم تۈزگە.
مەنمۇ ئۈزەي دەپ ئۆتسەم تاختىغا،
"ئۈزمە، هاي! — دېدى تاغام، — ئۇ كۈزگە."

چۈشكىچە قوغۇن بولدى ئۈچ دۆۋە،
تاغام خىللىدى قوغۇننى ئايرىپ.

يول ئۇستى ئىدى قوغۇنلۇق بويى،
كەلدى "يولۇچى" ئىتنى قايرىپ.

هارۋىدىن چۈشتى كۆك چاپان چىرىك،
قوغۇندىن ئالدى، گەپ قىلماي كەتتى.
مەن هەيران بولۇپ: "هاي، پۇل..." دىگىچە،
تاغام ئالدىراپ ئاغزىمنى ئەتتى.

1941 ـ يىل، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# لېنىن يولى

ئىشچى باقدۇ ئىلىنچ بوۋايغا،
كىردى ئويغىنىپ ئۇنىڭ يولىغا.
ئىشچىنى سالماي ئەگرى-توقايغا،
بەردى ئۇ قورال ئىشچى قولىغا.

لېنىننىڭ يولى — ئادالەت يولى،
بارچە كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش يولى.
ئۆزۈلدى ئۇندا جاھالەت يولى،
مەزلۇملار تاڭغا ئۇمتۇلۇش يولى.

شورا ئېلىنىڭ ھەممە يوقسۇلى،
ئازاتلىق ئېلىپ بولدى ئۆزگە خان.
ئۆزۈپ كىشەننى ئازات بولغۇسى
ئەتە يا ئۆگۈن پۈتۈن ئەل-جاھان.

لېنىن ئۆلمىدى، ئۇ مەڭگۈ تىرىك،
ئەمىلىمىزدە ھەم قەلبىمىزدە.

ئۇنىڭ سۇرىتى دائىم ئىسسىقلىق
شەرقتىكى بىزنىڭ ھەر كۆلبىمىزدە.

لېنىننى ئەسلەپ ھامان دىلىمدا،
ئوقۇيمەن گۆھەر چىن كىتاۋىنى.
يېزىپ قەلەمدە، سۆزلەپ تىلىمدا،
يايىمەن ئەلگە ئۇن-خىتاۋىنى!

1942 - يىل، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## "ئاچىل"

گۆدەك چېغىم، ئەسلىسەم بىر كۈن،
كوچىدا كۆردۈم ئۆڭكە "قەلەندەر".
چېكەتتى راۋاپ، سىلىپ سورەن-ئۈن،
تىڭشىغان ئادەم: "قىزىق ئادەم"دەر.

ئۇرسا زەخمەكنى، ياڭرىدى راۋاپ،
كۈيى سادالىق، سۆزى مەنالىق.
رەڭگىدىن مەلۇم باغرى ئوت-كاۋاپ،
نان بەرسە ئالماس، ئۆزى مەنالىق.

ئېيتىدۇ: "ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل"
"ئاچىلمىسا گۈل قايدا" دەپ تەكرار.
"خۇش بولۇپ ئاچىل، نۇر بولۇپ ساچىل!
ساچىلمىسا نۇر قايدا" دەپ سايرار.

كۈن تۇتۇق، تىنماي چىقاتتى شامال،
جاھان ئەنسىزلىك، ئۇيقۇ يوق تۈندە.

زىخۇ*، گۆرەكەش قولىدا قورال،
تىنىتىپ يۇرەتتى كوچىنى كۈندە.

بىر كۈنى دوستى دەپتۇ دادامغا:
ھىلىقى "ئاچىل" ئېيتقان "گادايىنى"
يامۇلدىن تۇتۇپ، ساپتۇ زىندانغا،
كۆردۈڭلىمۇ بۇ تەتۈر جاھاننى!

تارالدى خەۋەر بىر كۈنى يانا:
بەي زىخۇي** دارغا ئېسىپتۇ ئادەم.
ناخشا ئېيتسىمۇ بولۇرمىش گۇنا،
"تووۋا" دېيىشتى "بۇ قانداق ئالەم!؟"

1942 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

---

* زىخۇ ــ كاپىتالىست مەنىسىدە.

** بەي زىخۇي ــ بەي فامىلىلىك ھەربى ئەمەلدار، 1930 ــ 1932 ـ يىللىرى جىڭ شۇرىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربى قوماندانى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پاتقاق

داستىخان ئېلىپ چىققانتىم نانغا،
يولنىڭ ياقىسى يانتۇ ھەم تايغاق.
ئۆتكىلى بولماس تېخى ئۇ يانغا،
كوچا ئوتتۇرىسى قاپ-قارا پاتقاق.

كەلدى ئۇ قاتتىن سامان ھارۋىسى،
ئۇدۇلدىن ھەيدەپ كۆمۈرچى ئېشەك.
تېگىپ پاتقاققا ھارۋا شوتىسى،
تۆكۈلدى سامان قىڭغىيىپ كۆشەك.

ئۆتەي دېگەنتى كۆمۈرچى ياندap،
تېيىلىپ ئېشەك ياتتى پاتقاققا.
بىچارە بوۋاي تۇرمىدى ئويلاپ،
تارتتى قۇيرۇقتىن ئېشەكنى قاتقا.

دېدى بىر بايۋەچچە ھىجىيىپ چەتتە —
"راست ئېكەن، ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش!"

چاقىدىن يۆلەپ كۆچۈنۈپ تەستە،
"چۇ" دەيتتى تىنماي بىچارە ھارۋىكەش.

چىققانچە كەيجاڭ كەتتى چالۋاقاپ:
"يولنى بوشۇتۇش، پاتقاقتا ياتماي!"
"ئەخلەت قىلغانغا تۆلە ئىشتراپ!"
دەپ كەلدى ساقچى تىخى ئۇياتماي.

1943 ـ يىل، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قويچى

كۆز يەتكۈسىز كەڭرى دالىدا
گاھ-گاھ ئۇچرايدۇ مال پادىسى.
قوي-قويلىغان يالغۇز چوپاننىڭ
قولىدا بار قىرچىن ھاسىسى.

ئالا موينىغى كىچە ۋە كۈندۈز
چوپان بىلەن ئىكەن چىن ھەمرا.
تۆت پەسىلدە چوپانغا دائىم
ئۆي-ئوتاقكەن دالايۇ-سەھرا.

داغ سۇ ئىچىپ، كۈندە زاغرا يەپ،
گايىدا يوق ھەتتا تالقىنى.
پۇتى قاپارغان تولا يول كىزىپ،
چاك-چاك كەتكەن ئىككى ئالقىنى.

ئۇچىسىدا جۇل-جۇل چاپىنى،
پۇتىغا تارتقان شىرە چورۇق.

ئۆيلەنمىگەن تېخى ئۇ چوپان،
پىشانىسىدە تال- تال قورۇق.

تۆجۈپىلەپ باقىدۇ پادا،
سۆزلىشىپ مال—قوي بىلەن ئوڭلۇق.
ئىچ پۇشۇغى ئۆچۈن گايىدا،
سىبىزغىمۇ چالىدۇ مۇڭلۇق.

كۈندۈزى يا تاپمىدى تىنىم،
سەركەشلىك قىپ سەكىلەر قېچىپ.
يا يوق كېچىسى ئاڭا ھىچ ئارام،
ئۈنىڭ ئۈستىگە قوسىغى ئېچىپ.

ئاچ بۆرىلەر ھۇۋلايتتى تۈندە
بېرىپ دەھشەت شۇملۇقتىن ئەسەر.
ھېرىپ ياتقان ئۇيقۇسىز چوپان،
كىرپىك قاقماس ئىدى شام- سەھەر.

ياتاتتى يېنىدا ئاق قوزا،
بويۇن قىسىپ يەرنى بېغىرلاپ.
ئۆچ يىللىق ھەققىچۈن ئاڭا،
باي بەرگەنتى بەكمۇ زىغىرلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچ قويى يوق — كەپتۇ پىشكەللىك —
ئۈچۈپ كەتكەن ئىكەن چىقىلدا.
تۆلەلەمدۇ تۈگمەس قەرزنى،
بىچارە ئەمدى يىگىتلىك چىغىدا.

كۆككە باقسا ئاغدى بىر يۇلتۇز،
جىغىلدىدى ئۇنىڭ يۈرىگى.
غىرىپلىقتا گويا ئۆچكەندەك،
بولدى ئۆمرىنىڭ غوۋا چىرىغى.

لەززىتىنى بىلمەي ھاياتىنىڭ،
ئۆتكەن مالچى-چوپان بىر ئەمەس.
چۆرگەلىمسە بۇ تەتۈر پەلەك،
تەقدىرىنىڭ ھەم ئۆزگەرمىگى تەس!

1943 - يىل، نەنشەن.

# مۇھەببەت

قىزىل گۈلگە مەس بۇلبۇل ھېچ رەقىپ بولماس،
مۇھەببەتسىز ئۈلپەتكە بىر مۇھىپ بولماس.

جاننىڭ كۆركى — مۇھەببەت، شەرتى ۋاپادۇر،
ۋاپاسىزغا مۇھەببەت ھەم بىۋاپادۇر.
گايى سۆيگۈ راھەتتۇر، گايى جاپادۇر،
جاپاسى يوق مۇھەببەت ھەم بىساپادۇر.

سۆيگۈ دىگەن دىل مۈلكى، ئۇنى ياخشى بىل،
ئاچالمايسەن سۆيگۈنىڭ شەرتسىز سىرىنى.
مۇھەببەتكە ئەقىدە — دىلنى تازا قىل،
شەك چۈشكەندە پاكلىماق تەستۇر كىرىنى.

مۇھەببەتنىڭ دەرياسى كەڭ، ھولۇقماي ئۈز،
دولقۇن ياساپ ئۆركىشى يەكسان قىلمىسۇن.
مۇھەببەت ئورماندا يول ئەگرى ھەم تۈز،
سىنى ئۇندا جىن يولى سەرسان قىلمىسۇن.

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت گۈل بىغىدا سەيلىنى بىلمەي،
گۈل بويىغا مەس بولۇپ مەگدىشىپ كەتمە.
دىسە كۆيدۇم گۈل جاندىن، كۆگلىنى بىلمەي،
بىرىپ ئەقلىڭ مەجنۇندەك سوگدىشىپ كەتمە.

ئاشىق سۆيگۈ گۈلنى كۆكسىگە تاقاي،
ئەجرى قىلسا ئەل سۆيۈپ بار شەۋقى بىلەن؛
مۇھەببەت خاماندىن مول ھوسۇل ئالغاي،
مېھرى قىلسا يۈرەكتىن چىن زوقى بىلەن.

كۆكلەم كۆركى — قىزىل گۈل كۈلسە گۈلشەندە،
قىزىل گۈلگە بۇلبۇل جان بولماس كۈشەندە.

1943 ـ يىل، ئۈرۈمچى.



# ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تەرمە

"كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر سېنىڭ كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگىنىڭنى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ."
ئاداشۇرسەن سەپەر ئەيلەپ يۈرمىگىنىڭ،
كۈلۈپمۇ قويۇرسەن ئۆمرۈڭدە بىر كۈلمىگىنىڭ.

* * *

ئۆگەن تالماي، سوراپ بىلمەكتىن ئار قىلما،
ئۆزنى بىلمەي ئۆزگە ئارا ئۆزەڭنى خار قىلما؛
ئەجىرسىز نەپنى دەپ ئۆمرۈڭنى زار قىلما،
دەردى يوقنى ھەمدەرت بىلىپ يار قىلما.

* * *

زەر يالتىراپ گوللايدۇ كور نادانىنى،
بىلىم قوشلاپ چىللايدۇ بىلىمدانىنى؛
توشقازغىچە دۇنيا بىلەن چامدانئى،
كاشىن چىقار گىلدىن ياساپ خۇمدانىنى.

*　　*　　*

ھەسەتخور بولما، ئۇنى گۆرگە ئات،
يامانلىق ساڭا بولسۇن مەڭگۈ يات.
”تۇرمۇش سەھنىسىدە ساقلا ياخشى ئات،
ساقلىغۇنچە يىلقىدا مىڭ ياخشى ئات.“

1943 ـ يىل، ئۈرۈمچى.



# كونا قورغان

يارغولدىن كۆرۈندى ئاجايىپ ئەشيان،
سورىسام، دىيىشتى: بۇ كونا قورغان؛
ئۆتمۈشتە دەيدىكەن بۇنى "قوش تۇرمان"،
قەدىمقى زاماندا دەقيانۇس قۇرغان.

قىزىقتىم سەيياھەتكە، ماڭدىم شۇ ياققا —
كەسكەن يار ئۈستىدە ئەجەپ "ئىقلىمغا".
قاپتالدىن قەدەملەپ يەتتىم قوۋۇققا،
تاڭ قالدىم دۇچ كېلىپ قىزىق "تىلسىمغا".

"رەستىلەر" رەتمۇ-رەت بولدى نامايان،
بولسىمۇ خارابە بۇ قەدىمىي شەھەر؛
تۇتاشقان چاسۇغا كوچىلار يان-يان،
ئادەملەر توپىدىن قايىنغان "گۈزەر".

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئورنىدا تۇرۇپتۇ يادنامە ساراي،
ياندىشىپ ئىبادەت ئورنى—سەررە*.
تاجدار تەختىنى بېسىپتۇ قوراي،
كاشانە ئورنىدا مانا جەزىرە.

بوۋامنىڭ قەدىناس بۇ قەدەم جايى،
ئۆزاتقان ئوخشايدۇ كۆرمىڭ كارۋاننى.
گۈللىنىپ گايىدا، سورۇلۇپ گايى،
كەچۈرمىش ئۆزاقتىن تۇرلۇك دەۋراننى.

"ئۇنتۇما!"—دىدى بىر بوۋاي ئارقامدىن،—
"بۇ سېنىڭ قەدىمقى ئانا ماكانىڭ"؛
(مۇئەللىم دەپ چاغلىدى مېنى تۇرقۇمدىن)
"تۆگەن ھەم ئۆگەتكىن، شۇ—بىلىم كانىڭ".

خوشلىشىپ يانساممۇ شۇ كېسەك ياردىن،
تۇتاشتى قوقاستىن يالقۇن يۈرەكتە.
يولدىمەن، ئۆزۈلمەي رىشتىم "ئەشيان"دىن،
يالقۇندىن تۇغۇلغاي ماغدۇر بىلەكتە.

1944 - يىل، تۇرپان.

---

* سەررە — بۇددىنىڭ سۆڭگىكى تاۋاپ ئۈچۈن قويۇلىدىغان مۇنارە.

# گۈلۈم بولامسەن؟

سىنى ئاۋال قىلاي تەھرىر دىلغا جارى، گۈل بولامسەن؟
تىترەر غەمزە ئوقۇڭ بىرلە يۈرەك تارى، گۈل بولامسەن؟
كۆزۈم سەندە دىلخەستەنىڭ كۈچ-مادارى، گۈل بولامسەن؟
بىلىپ بولغىل چىن ئاشىقنىڭ چىن دىلدارى، گۈل بولامسەن؟

گۈلىستاندا تۇتى، بۇلبۇل گۈل زاتىڭغا پىكىر ئەيلەر،
گۈلگۈن سۈرەت سىياقىڭنى پانا قىلغان شۈكۈر ئەيلەر؛
جاھان ئارا ساندۇغاچمۇ سۇ پاتىڭغا زىكىر ئەيلەر،
نەزەر ئەيلە بىھۇش بۇلبۇل شىپاكارى، گۈل بولامسەن؟

گۈل يۈزۈڭنى كۆرستىشكە قاچان سائەت كېلۇر دىلبەر،
گۈل لېۋىڭدىن گۈل ئۆزمەككە قاچان ئامەت بولۇر رەھبەر؛
نۇر بەرگىچە قاراغىمغا قاچان تاقەت قىلۇر قەمبەر،
دىلى سۇنغان جاپاكەشنىڭ دەستىيارى، گۈل بولامسەن؟

گۈل غۇنچىدەك لېۋىڭ ئاچماي، بۇلبۇل كەبى زەپ مەستۇرمەن،
مىيىغىڭدا كۈلۈپ قويماي، سۇنغىلى گۈل دەستىدۇرمەن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆلۈپ باقساڭ، قاشىڭ قاقساڭ، ھەر جاپاڭغا قەستىدۇرمەن؛
رازى بولساڭ سۆكۈت قىلما، بىر خۇمارى، گۈل بولامسەن؟

سۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەيكىم، ئىلكىڭدە يار ئىختىيارىم،
تىلەپ ۋەسلىڭ ئى گۈلزارىم، ئىشقىڭ تېگىپ يوق قارارىم؛
ۋۇجۇدۇمنى ساڭا تىكتىم، نازۇك جىنىم دەر: ئىنتىزارىم،
چۈشسە كۆڭلۈڭگە بۇ دەۋران جۇش باھارى، گۈل بولامسەن؟

1945 ـ يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.



# بولما غاپىل

بولسا غاپىل كىم زاماندىن ھىچ كايىماس،
چۈنكى غاپىل شۇم زاماندىن بەك بىخەۋەر.
نادانلىقتىن ئۆمرىنىمۇ ھەم ئايىماس،
شۇڭا ئالەم ئارا ئۇدۇر بى مۆتىۋەر.

كۆزى ئۇچۇق غاپىل بولسا ئەگەر كىشى،
ھاياتلىقنىڭ قەدرىنىمۇ ھەرگىز بىلمەس؛
ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ھەر بىر ئىشى،
ئۇڭغا تارتماس ھەم تەلىيى ئىلگىرى كەلمەس.

قانچە يىگىت ئىزىتقۇدىن ئالداندى خوپ،
قارا تۈندە يولنى بىلمەي تولا مەڭدەپ.
غاپىللىقنىڭ بۆشۈگىدە ئەللەندى كۆپ،
پىرىپىگەرنىڭ قوشىغىنى تولا ئاڭلاپ.

ئەي، يىگىتلەر، يىتەر ئەمدى، بولما غاپىل،
بەڭگىلەردەك كۆپ گاڭگىراپ خىيال سۈرمە.

www.uyghurkitap.com

ئاداشلىرىڭ كەتتى ئالغا، زامانىنى بىل،
نادانلىقنىڭ چۆللىگىدە قاڭقىپ يۈرمە.

قارا، ئەنە ئوت يۈرەكلەر تاڭ قوغلىشىپ،
ئەل ئىشقىدا كارنىينى جەڭگە چالدى.
ھۆررىيەت دەپ بىر نىيەتتە كۈچ جۇغلىشىپ،
خان تەگرىگە قاراپ دادىل قەدەم سالدى.

"خەلقىم" دىبان سەنمۇ جور قىل خەلق سەسنى*،
ساڭا يۆلەك، تا قەدىمدىن قارا قورام.
تاشلا ئوتقا يىرتىپ غەپلەت پەردىسىنى،
خان تەگرىگە باقساڭ كۆڭۈل بولۇر خۇررام!

1946 ـ يىل ئىيۇل، كىرىيە.



* خەلق سەسى ـــ خەلق ئاۋازى، خەلق ساداسى.

# ئۇرۇمچىگە مەكتۇپ

بولسىمۇ تۇرمۇش قاراڭغۇ، قايغۇلۇق،
سۈنمىسۇن ئالدا ئۈمىتنىڭ يۇلتۇزى.
ئۇ ساڭا روشەن قىلۇر ھەم كۆرسىتۇر،
نەدە يولنىڭ ئەگرىسى ھەممە تۈزى.
(نادىسون)

1

ياش يىلـلىرىڭ ئۆتـتى سىـنىڭ دەھـشەتتە،
ئۆتمۈشكى جانلىق سەزگۈلىرىڭ "ئۆلدى".
ئۈمىتلىرىڭ "ئۆچۈپ كەتتى" ۋەھشەتتە،
ھاياتىڭمۇ زەئىپ، بىلىڭ پۈكۈلدى.

تۇمانلىق كۆكتە كەچكەن قارا بۇلۇتلار —
كەبى ئەلىڭ، بىنام يۇردۇڭ ھەر يانغا.
تەنلىرىڭنى يىدى كۈيە-قۇرۇتلار،
نامىڭ ئىنسان ئىدى، ئىست شۇ نامغا.

ئەلەم دىڭىزىغا چۆمۈپ، قورام تاشلار
كۆكسى-باغرىڭنى تىلدى ۋە كەستى؛

كۆزۈگدىن ئاققۇزدى قانلىق ياشلار،
قارا دىۋىلەر پەنجىگە قىستى.

"دات!" دەپ يىغلىساڭ يەتمەستى دادىڭ،
كىم ئىشتىكەي ئۇ زاماندا پەريادىڭ.
چۆلدە قالدى گاڭگىراپ يىتىم باشىڭ،
"ئاھ!" دىسەڭ ئاشاتتى يەنە ئاھ-زارىڭ.

ئەمگەك تەرلىرىڭ ساپ ئۈنچىلىرىنى
زالىملار بىزنىپ بوينىغا تاقتى.
پارلاق ئۆتمۈشۈڭ غۇنچىلىرىنى
مەككار ئۈزۈپ قوينىغا تىقتى.

سەن بىلكى، يۇرتداش، خەلق ئوغلانى —
باباڭ — شۆھرىتىڭ ئەل خانى ئوغۇز؛
قەدىم مەدىنىيەت چىچەكپ جىلانى،
يەتكەنتى يانمۇ-يان، ساناغى توققۇز.

قېنى ئۇ شۆھرەت، ئىگىلىك-مىراسىڭ؟
كىم يىدى، يۇتتى، ئەي ھەقسىز زامان.
دىگىل ئەجداتقا: ئەيىپكارىمىز ۋارىسىڭ —
نىپاق، توقۇنۇش بىزدە — شۇ ھامان.

شۇڭا، زامان بىزگە يۈز قويمىدى،
زالىم ـ ئەييارلار پەنجىگە ئالدى.
شۇ چاققا نەسلىڭنى يەپمۇ تويمىدى،
پۈت ـ قولنى باغلاپ زىندانغا سالدى.

ۋىجدانلىق ئەسلىڭ كۆزىنى ئاچسا،
بۇزۇلغان نەسلىڭ چايان بوپ چاقتى.
نومۇسلۇق ئوغلۇڭ جەڭگە سەپ تارتسا،
ئارسىز، غايىسىز زالىمغا باقتى.

ھەق، ھۆرلۈك ئوتى يالقۇنجىغاندا،
مەككار ـ مەلئۇنلار ئەللەپ ئۆچەردى.
چېلىش ئوكيانى دولقۇنلىغاندا،
قانخور قىلىچنى باشتىن كۆچەردى.

زامانە شۇنداق زور بىلەن ماڭدى،
ئېزىش ۋە چېپىش توختىماي بەلكى؛
خەلقىم ئۇۋالى زاماننى تۇتتى،
بۇ تۇتۇش جىددى، ئاداققى، مەڭگى.

زاۋال ـ غەپلەتتىن ئەل ئويغىنىشتا
ئەرك ئوغلانلىرى چېلىشتى ئۇزاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىك ئادرىسى

ئەلگە ئازاتلىق دېگەن چېلىشتا،
ئوغلان قولىدا بۇزۇلدى تۇزاق.

2

سالام! ئېزىلگەن يۈرەكتىن ساڭا،
ئاتەشىن كۈرەش قىزىتقان دىيار.
سالام! ياخشى تىلەكتىن ساڭا
ئەجرىڭلە بولغاي يۇرت ئەھلى بەختىيار.

ھاياتلىق سۆيۈنچىدە، ھۆرلۈك كۆكىدە،
يېزىپ قانات ئۇچ، بول لاچىن يۈرەك.
تەڭسىزلىك ھايات بولسۇن چېكىدە،
ئەمدى ئىنسانىي ھاياتلىق كېرەك.

بىرلىك ـ سۆباتلىق بولسا يولدىشىڭ،
ئۇگلۈق ـ ئوگۇشلۇق بولۇر ھەر ئىشىڭ؛
ھۆرلۈك ھەم تەڭلىك بولسا قولدىشىڭ،
ئاسمانغا يېتەر سېنىڭمۇ بېشىڭ.

خۇراپات زەنجىرىن پارچىلا، تاشلا،
بەلگە ئىلغارلىق كەمەرىن باغلا.
ئادالەت ئۈچۈن ھەق چېلىش باشلا،
ھەقسىزلىقنى سۈر، ئارىدىن قوغلا.

باس قەدەم بەخت نىشانىسىن كۆزلەپ،
ئالغا يۈر، مۈشكۈل يولدا تىز پۈكمە.
خوجىلىق ـ مۇختار كىلىشىن ئىزلەپ،
بولما ئۈمىتسىز، شام ياق، ياش تۆكمە.

3

ياش يۈرەك تىپەر مۇندا شوخلىنىپ،
تومۇرلار سوقىدۇ، قانلىرىمىز ساپ.
كۆڭلىمىز يورۇق، دىلىمىز زوقلىنىپ،
روھىمىز تىتىك، زامانىمىزغا باپ.

تارىم بوشلۇغى بىزگە كەڭ ـ كەڭرى،
ئىچىلىپ كۆزلەر، تۇرۇلدى بىلەك.
يۇرتىمىز سۆلىتى ئەزىز خان تەڭرى
گەۋدىسى بىلەن بىزگە چىڭ يۆلەك.

ئۆگدۈلمىش سۈپەت بىزگە مەڭگۈ يار،
كۈنتۇغمىش ئىلىك بىزنى ياشىنتار؛
ئۇدغۇرمىش نامىلە ئۇلۇغلۇغىمىز بار،
ئايتولدى ھايات بىزنى ياسىنتار.

1946 ـ يىل ئىيۇل، كىرىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# بىزمۇ گۈللەيمىز

پۈتۈن بىرلە پۈروگىراما بىزگە بولغاي كاپالەت،
ئۈمىت تاڭى يورۇقتۇر، كۆتىرىلگەي جاھالەت،
ھۆرلۈك زامان جىلغىسىدا سەل كەبى ئاقماقتىمىز.

ۋەھشەت تۇسۇقلىرىنى قومۇرغاي زور بەستىمىز،
ياۋا قولنى ھەم كەسكەي قۇدرەتلىك گاڭ دەستىمىز،
پىتنە ـ پاسات قىلغۇچىنىڭ گۆرىگە ئوت ياقماقتىمىز.

يېڭى دەۋر، ئەركىن ھايات بولغۇسى قىسمەتىمىز،
ئازات، ئۇلغار شىنجاڭ قۇرۇش بىزنىڭ يۈكسەك نىيەتىمىز،
زامان كۆلۈپ باققاچقا بىزمۇ كۈلۈپ باقماقتىمىز.

يۇرتۇم تەختى تولغۇسى رەڭدار جىلا، لەۋھەلەرگە،
كەلمىشىمىز گۈزەل، بايدۇر شېئىرىي سەرلەۋھەلەرگە،
گۈللەيمىز ھەم ئۆرلەيمىز، نىشان كۆزلەپ ماڭماقتىمىز!

1946 ـ يىل ئىيۇن، كېرىيە.

## قىزلار ـ جۇۋانلار

زىبۇ ـ زىننەتتە، دۇردۇن كۆينەكتە،
قاشلىق ئۇسمىدا، باشلىق پوسمىدا،
ئەرگە مىننەتتە، يالغان كۆيمەكتە،
بولمىغىز ياران، قىزلار ـ جۇۋانلار!

قولاققا سۆكە، مەرۋايىت ـ ئۈنچە،
دىبان ئۇرۇشۇپ، ئۆينى سورۇشۇپ؛
يىگىلىگەن تەكە، توزۇغان غۇنچە،
بولمىغىز ۋەيران، قىزلار ـ جۇۋانلار!

بوگۈننىلا كۆرمەك، خان بولۇپ يۈرمەك،
كۆنلەر ئوخشىماس، ئەرتىقا شوخشىماس.
ئەرتىنى ئويلاڭ، غەيرىگە قايلاڭ،
بولمىغىز نادان، قىزلار ـ جۇۋانلار!

"بىزگە ئەركىنلىك، تەڭلىك" دىگەنلەر،
مەكتەپكە كىلىڭ، ھۆرلۈكنى بىلىڭ،

كۆرۈر سائادەت ھالال يىگەنلەر،
ئۆلگە كۆپ ـ چەندان، قىزلار ـ جۇۋانلار!

دىلىڭىزدا بار ئىشەنچ چىراغى،
تۈزۈك خۇلقىڭىز بولسۇن پەرقىڭىز.
باشقىلارغا خار، ئىشرەت ئويناقى،
بولمىڭىز زەردان، قىزلار ـ جۇۋانلار!

نۇرئەلا نۇرخان، سىزگە ئوخشاش خان،
چىرىك سولتەككە بىرىپ خوپ دەككە،
نوموۇس ساتمىغان، ئۆلۈمدىن قورقمىغان،
ئۆلگە ئال مەردان، قىزلار ـ جۇۋانلار!

نەسلىنى ساقلاش سىزگىمۇ پەرزدۇر،
ياتقا تەگمىڭىز، بويۇن ئەگمىڭىز؛
نەسەپنى ياقلاش سىزگىمۇ قەرزدۇر،
ئىپپەتنى بىلىڭ، قىزلار ـ جۇۋانلار!

نوموۇس ـ مۇھەببەت سىزگە شاراپەت،
زامانغا بېقىڭ، ئەل بىلەن ئېقىڭ؛
يۇرت ئۈچۈن رىغبەت قىلىش لاتاپەت،
مۇنەۋۋەر بولۇڭ، قىزلار ـ جۇۋانلار!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزمۇ تۇرۇڭ يەڭ، ئاشنى ھالال يەڭ،
يۇرت ئۈچۈن ئىشلەڭ، ئىشلەپ سوڭ چىشلەڭ؛
مەدىنىيەتنى دەڭ، سىزگىمۇ يول كەڭ،
غەپلەتتىن تۇرۇڭ، قىزلار - جۇۋانلار!

1947 - يىل مارت، خوتەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىلىك

(خەلقچىل بىر جۈپ سەنئەتكارغا)

دوستلار كېلىك، سازنى چېلىك، جورى ناۋالارنى قىلىك،
گۈلنى قىسىپ بىر-بىر بېسىپ، نەشۋى-نەمالارنى قىلىك؛
قىلىپ تەيران بىزنى ھەيران، سەيرى سامالارنى قىلىك،
قىلماي ئارمان، دەرتكە دەرمان خەيرى داۋالارنى قىلىك.

تاڭدا تۇرۇك، يەڭنى تۇرۇك، ئىشتا ساپالارنى قىلىك،
خائىن يامان، بەرمەس ئامان، لەنەت-تاپالارنى قىلىك؛
يۇرتنى ساتقان، ئوتقا ئاتقان ئىتقا جاپالارنى قىلىك،
ئەلگە كۆيگەن، يۇرتنى سۆيگەن ئەرگە ۋاپالارنى قىلىك.

گۈللەر تېرىك، ھىدلەر بېرىك، باغۇ-گۈلزارلارنى قىلىك،
ئالغا كەتكەن، شانغا يەتكەن ئاۋات بازارلارنى قىلىك؛
رويى رۇخسار، بويى ئىپار، گۈلى-گۈلنارلارنى قىلىك،
تەمى ھەسەل، ئاچۇن مەسەل ئالما-ئانارلارنى قىلىك.

ئەلگە قاراپ، يۇرتقا ياراپ، دىلغا شىپالارنى قىلىڭ،
"بالە بولۇڭ، لالە بولۇڭ" زەۋقى سابالارنى قىلىڭ؛
قۇندۇز بولۇڭ، يۇلتۇز بولۇڭ، چاقماق زىيالارنى قىلىڭ،
مەينى ئىچىڭ، دۇرنى چىچىڭ، بويى زىبالارنى قىلىڭ!

1947 ـ يىل ئاپرېل، خوتەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## گۈلۈم

"ئاتلار ئاقساق، يوللار تايغاق"، تۈن ھەم زۇلمەت-قارادۇر،
كۈنلەر تۇتۇن، بوران-جۇدۇن، يورۇش تېخى تەس بولدى.
كۆكۈل سۇنۇق، ياشلار تىنىق، دىللەر ئەجەپ يارادۇر،
دەرت-ئەلەملەر ئالغان دەملەر مۇڭلۇق ئاھۇ سەس بولدى.

گۈلنى ئىزلەپ، كېلۇر كېز دەپ، سەپەر دەھشەتكە چۈشتى،
يوللار يىراق، ئاشتى پىراق، ۋەسلىگە يېتەلمەيمەن.
ياش تۆكۈلدى، باش پۈكۈلدى، كۆكۈل ۋەھشەتكە چۈشتى،
گۈلۈم نەدە؟ كۆكۈل سەندە، ھېچ تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

سېنى دەيمەن، غېمىڭ يەيمەن، ئەي مادارىم نەدە سەن،
باغدىمۇ سەن، تاغدىمۇ سەن، يا ماكانسىز چۆلدىمۇ؟
ئۈتىنك تىلدا، ئىشقىڭ دىلدا، ۋاپادارىم نەدە سەن؟
قول يېتىشمەس، ئۈن ئىشتمەس، يا سەراسىز كۆلدىمۇ؟

1947 - يىل سېنتەبىر، خوتەن (تۈرمە).

# "ئەي، ئانا!"

ئانا، ئانا، جان ئانا!
بالاڭ يىغلار، ئىمىتقىل.
قاخشاپ بوغۇلدى مانا،
ئاغزىغا سۈت تېمىتقىل.

قورۇق ئەمچەك دوملىما،
قوسىغى ئاچ، نەپسى قىل؛
كۆڭ ئىسسىق دەپ ئويلىما،
سوغاقتىن تېز دەپسى قىل.

بوشۇككە چىڭ بولەيسەن،
قىمىرلاپ ھېچ ياتمايدۇ.
قاغاپ يەنە تىللايسەن،
يىغلاپ بەك تىنجىتمايدۇ.

قورۇق ئەللەي ئەللەيسەن،
بالا سېنىڭ ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ھەر دەم ئالداپ پەللەيسەن،
ياشاپ بىر كۈن كۆرمەسمۇ؟

كۈنلەر ئۆتتۈر، ئاي كېلۈر،
ئايلار ئۆتۈپ، يىل كېلۈر؛
قىشلار ئۆتۈپ، ياي* كېلۈر،
تۇپراق قالۇر، سەل كېتۈر.

يىغلاپ ـ قاخشاپمۇ ھامان
بالاڭ كۈنلەپ چوڭ بولۇر.
تۈزەلسە تەتۈر زامان
بالاڭ ئىشى ئوڭ بولۇر!

1947 ـ يىل ئۆكتەبىر، خوتەن (تۈرمە).



* ياي ــ ياز مەنىسىدە.

## ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى مەكتۇپ

ئۈستۈڭدە باردۇر توپ ئاتار تاغى،
ئىچىڭدىن ئاقۇر ئۈرۈمچى نەھرى.
سېنىڭ ھۆسنۈڭدۇر ساي بويى باغى،
نەھرىڭدىن كېلۇر ساڭا كۆپ بەھرى.

سېنىڭ ئۆتكەندى ئەسرىي ئۈرۈمچى،
تېگىڭدە كۆپتۇر ئاجايىپ سىرلەر.
زىمىنىڭ ئويپاڭ، خەلقىڭ "يىتىمچى"
چېھرىڭگە بەرمىش رەڭمۇ-رەڭ "سىرلەر".

زامانە ساڭا يەنە بەرمىش نەقىش،
نەقىشىڭگە داغەي، يۈزۈڭگە ۋاي-ۋاي.
شوخلانمىشمىسەن گويا مىنىپ رەقىش،
كۆرەك تۈزىدە، ئەپسۇسكى، ھاي-ھاي.

ئەركىنلىك دىدىڭ، ئوقۇدۇڭ رەخمەت،
چۈنكى سۆيۈنۈپ قانلار قايىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور بېكىتى

لېكىن قەدەمدە توقۇلدى تۆھمەت.
"ئۇۋچى" توزاقنى قۇرۇپ پايلىغان.

زامانە سېنى باش ئەككۈزدىمۇ؟
ئېچتىن قاينايسەن، بۇلدۇقلالمايسەن.
تىلىڭغا ئوغا يا تەككۈزدىمۇ؟
تىلىڭ چاينايسەن، چۇرۇقلالمايسەن.

زامانەڭگە داد ئېيتىپ تالدىڭمۇ؟
غەملىك چىرايىڭ، ئۈنسىز سۆزلەيسەن.
قورقاق ئۆلكىسى بولۇپ قالدىڭمۇ؟
مەيداندىمۇ سەن، نىمە كۆزلەيسەن؟

چىللە سوغاقتا سەن بەرداش ئىدىڭ،
ئەمدى شۇمشۇيۇپ تىترەپ تۇردۇڭمۇ؟
يۇرتۇم-ئېلىمگە "ئەركىنلىك" دىدىڭ،
ئۆزەڭ ئۇچۇنلا "ئەركىن" قۇردۇڭمۇ؟

غۇربەتتە ئوغلۇڭ ئۆكسۈپ يىغلىسا،
ھالىڭ نىچۇك دەپ سورالمايسەنغۇ؟
ياۋلار قىلىچى يۈرەكنى تىلغىسا،
دەردىگە داۋا بولالمايسەنغۇ؟

بىزگە ئىپاردەك پۇراقلىرىڭنى
ئارغۇ بولاق تاغ توراپ قالدىمۇ؟
تىكەن ئورۇيمىش ئوراقلىرىڭنى،
ئەييارلار پەللەپ ـ بولاپ ئالدىمۇ؟

شىمالدا ئازات ـ ئەركىنلىك ناۋاسى،
ئەللىرى شادان، كۆزلىرى چاقناق.
جەنۇپ جاراھەت، يوقمۇ داۋاسى،
ئاسى ـ جاپىلار ئويناتتى چوقماق.

قەشقەردە دوستلار ھەقنى ياقلىسا،
يەركەندە "قىزىل دوپپا"نى سوقتى؛
خوتەندە چوماق ئەل تاياقلىسا،
دۈشمەن كۈلكىدە، دەرتنى كىم ئۇقتى؟

ئەمەلپەرەسلەر، ياتلار تامانلار،
ئەلنى ساتماقتا، تۇتۇپ بوغماقتا.
كۆزى تېڭىقلار ھەقنى يامانلار،
قەدەمدە پاسات ـ پىتنە تۇغماقتا.

كۆپچىلىك ئوغلۇڭ تارتىدۇ كۈلپەت،
سېنىڭ كۆرگىنىڭ راھەت بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىرىپكەر بىلەن قىلىشالىڭ ئۇلپەت،
مەھبۇس تۈرمىدە تاقەت قىلامدۇ؟

ناتىق ئۇرۇمچى ئۇنىۇڭ ئۆچتىمۇ؟
بەۋاپا يارىڭ ئۆزىندىمۇ يۈز؟
ئەركىڭ قولۇڭدىن ياۋغا كۆچتىمۇ؟
يىراقنى كۆزلە، ياۋدىن ئۈمىت ئۈز!

مۇڭلۇق جەنۇپتا زىندان تەختىدىن،
يازدى بۇ سانى* مەكتۇپنى غىرىپ.
دۈشمەن يىپىنى قىلغان ئەھدىدىن،
نامىڭنى ئاقلا، ھەقىقەت تىرىپ!

1947 ـ يىل ئۆكتەبىر، خوتەن (تۈرمە).



---

* سانى ــ ئىككىنچى.

# ئايخان يار

(باللادا)

ئاھ دىسەم كۆكسۇم بوشار،
جانگىنەمنىڭ دەردىدە.
سەن يۈزۈڭنى ئۆرۈمە،
مەن تېخى شۇ ۋەدىدە.

ئاي دىگەن ئاتىڭ مىنى،
تارتىدۇ زوقمەن قىلىپ.
شۇل گۈزەل زاتىڭ مىنى
كۆيدۈرەر دەرتمەن قىلىپ.

يۈزلىرىڭ قىزىل ئانار،
سۆزلىرىڭ شىرىن ناۋات.
نەپەسىڭ چاقما قۇنار،
قامىتىڭ سەرۋى سۇبات.

ئايتولدى دانالىغىڭ،
بۇ ھەممىدىن تۈيغۇندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىسسىلىك ـ دانالىغىڭ،
باغىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇندى.

بىنا ئۇزاق كۆك ئاستى،
تەڭرى قىلغان ئاجۇندى.
باباڭ خاقان بولمىشتى،
ئۆتكۈللىگى* لاچىندى.

سۇپات كۇنتۇغدى ئىلىك،
ئۆگدۈلمىشتى هاياتىڭ.
ئاجۇن ئارا سەن بىلىك،
ئۇدغۇرمىشتى سۇباتىڭ.

تۇغۇلمىش سەن بىر باغدا،
ئەسلى تۇپ ماكان ئىدى.
سەن يارالمىش ئۇ چاغدا،
باشقا باغ تاكان** ئىدى.

باغلىرىڭنىڭ هەر يانى
سىپىل تامله ئورالغان.

---

* ئۆتكۈللىگى ــ ئۇچقانده‌ك بۆسۈپ ئۆتۈش.

** تاكان ــ چۆللۈك.

كۆز كۆرۈنمەس پايانى،
كاشنكار* بوپ قۇرۇلغان.

ئۇ چاغ ساڭا ئۆزگىلەر
خىزمەتتە قۇللۇق ئىدى.
سەن ئىشلەتكەن كۆزگىلەر
ئۆزگىگە قۇتلۇق ئىدى.

سەن ئۆسكەن ئۇ زامانلار
دەۋران بولۇپ ئۆتتىلەر.
ئۇ يۇكسەك، ئۇز ماكانلار
ۋەيران بولۇپ كەتتىلەر.

باغلىرىڭنىڭ ئورلى بار،
ئىچى كەگرى، ئاغزى تار.
پەقەت قالمىش جاڭگالزار،
سولدى-سولمىش مۇرغىزار.

باغىڭنىڭ ئىزىقلىرى
بولۇپ قالمىش كونا يار.

---

* كاشنكار — كاشىن ئىشلىگۈچى.

مەرىپەت بۇلاقلىرى
بولۇپتۇ جىنغا دىيار.

* * *

كۆلپەتلەر تۈزاقلىدى،
تۈزاقتا ئۆسەلمىدىڭ.
كۆشەندەڭ مازاقلىدى،
مازاقنى بۆسەلمىدىڭ.

ياتلارمۇ ئالالمىدى،
ياتقا ھەم تۇتۇلمىدىڭ،
ئوتقىمۇ سالالمىدى،
ئوتتىنمۇ قۇتۇلمىدىڭ.

سەن ئۇيقۇدا تولغانساڭ،
بىز چىدالماي ھەيرەتتە.
سەن سىغىنىپ يىغلىساڭ،
بىز كۆچەرمىز غەيرەتتە.

سەن ئۇچۇن قان يىغلايدۇ،
جان - دىل بىلەن كۆيگەنلەر.
بۇيۇگدا باغرىن داغلايدۇ،
سىنى چىندىن سۆيگەنلەر.

هەر قەدەمدە رەقىپلەر،
سېنى پەنلەپ كۆزلەيدۇ.
ماڭا ئوخشاش غېرىپلار
"ئاھ، جېنىم" دەپ سۆزلەيدۇ.

ئايخان يار سەن ئۈچۈن،
كۆپلەر جاندىن كەچتى.
ئاھىغا تولۇپ ئاجۇن
دۇدىدىن ئۈچقۇن چاچتى.

دەيدۇ زورنىڭ زامانە،
ئەي، تەشنەلىكەن ئالەم.
تەتۈر باققان پەلەكتىن
يەتسۇن تەڭرىگە نالەم!

زامانە زورنىڭ دىسە،
زورغىمۇ بار گۆر دەيمىز.
تاماشا كورنىڭ دىسە،
بىزگىمۇ بار نۇر دەيمىز.

* * *

ئايخان يار ئامان بول،
خۇش بولۇرسەن بىر چاغلار.

كۆرەشچان بۇ زامان، بىل،
گۈللەيدۇ ئەسكى باغلار.

ئايخان، گۈل قورقمىغىل،
سەن ئۈچۈن بىز پىداكار.
ئۆزگىگە ھېچ باقمىغىل،
بىزگە دەرتىمەن مەدەتكار.

ئېچىلماستىن سولمىغىل،
شاخىڭغا دەرت تەگمىسۇن.
قۇزغۇنغا گۈل بولمىغىل،
بۇلبۇلۇڭ ئاھ چەكمىسۇن.

مەن سېنى دەپ يۈرىمەن،
كېچە - كۈندۈز داغىڭدا.
قاچانغىنا سۆيەرمەن،
سېنى ئىسىل باغىڭدا.

غېرىبىڭ غېمىڭ يېسە،
دادىڭغا تېز داۋا يوق.
دەرمانىڭ بولاي دېسە،
نىكاھ ئۈچۈن گۇۋا يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن يىغلىما، ئاھ خېنىم،
مەنمۇ دائىم كويىۇڭدا؛
تومۇردا تاشار قېنىم،
ئويىنساق دەپ تويىۇڭدا.

1947 ـ يىل نويابىر، خوتەن (تۈرمە).



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھالىمغا باق!

جانان، كۆيگەن يارىڭغا باق،
يار ـ جان، دىگەن زارىڭغا باق؛
زوقۇم يىگەن خارىڭغا باق،
ئەي گۈل باھار ھالىمغا باق!

ئېشىلگەن دىل تارىڭغا باق،
جۆر كەلگەن جۈپ سازىڭغا باق؛
تۈزۈلگەن باش ـ تاجىڭغا باق،
ئەي دىل نەھار ھالىمغا باق!

تاڭ بىلەن تۇر، ئاڭىڭغا باق،
يەڭ ـ بىلەك تۇر، كارىڭغا باق؛
ئارزۇ ـ تىلەك، ئەپكارىڭغا باق،
ئەي گۈل خۇمار ھالىمغا باق!

قايرىلىپ ساغ، سولۇڭغا باق،
ئىغىلىپ چاغ-يولۇڭغا باق؛
ئاتلىنىپ تاق ئايلىڭغا باق،
ئەي ئىل تۇمار ھالىمغا باق!

1948 - يىل يانۋار، خوتەن (تۈرمە).



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كەتمەيدۇ

قۇتلۇق قانلار تامغان يەرلەر كۆچۈپ كەتمەيدۇ،
ئۇتلۇق تەندىن ئاققان تەرلەر قۇرۇپ كەتمەيدۇ؛
تىل ـ دەشنامدىن تويغان ئەرلەر چۆچۈپ كەتمەيدۇ،
غۇۋا شامدىن چىققان نۇرلەر يورۇپ كەتمەيدۇ.

تۇزاق بىلەن ياش بۇلبۇللار ئۆلۈپ كەتمەيدۇ،
ئالدام بىلەن ساپ كۆڭۈللەر كۆلۈپ كەتمەيدۇ؛
ئۇزۇش بىلەن غۇنچە ـ گۈللەر سولۇپ كەتمەيدۇ،
دەپسەش بىلەن بۇ باغ چۆللەر بولۇپ كەتمەيدۇ.

زۇلۇم قامچا سالغان ئىزلەر يۇتۇپ كەتمەيدۇ،
ئالدامچىغا بىزنىڭ ئەللەر پۈتۈپ كەتمەيدۇ؛
چۈغۈندەكنى ئەمدى گۈللەر كۈتۈپ كەتمەيدۇ،
ئىلىم نۇيغان! تېخى كىزلەر ئۆتۈپ كەتمەيدۇ!

1948 ـ يىل فېۋرال، خوتەن (تۈرمە).

## سەن! (1)

چولپان كەبى پارلىغان، تاڭ قىزى سەن ـ سەن،
يۈزۈڭ گويا نۇرلىغان، ئۇن بەش كۈنلۈك ئاي.
ئاھۇ كۆزدىن تاللىغان، خان قىزى سەن ـ سەن،
ئاشىقلارنى چۇلغىغان، كۈن كۆرۈملۈك ئاي.

ئۈنچە كەبى تىزىلغان چىشلىرىڭ ئاقتۇر،
قىيىق قارا قاشلىرىڭ بولۇپتۇر بىر يا؛
قويۇقىنا كىرپىكلىرىڭ جانغا بىر ئوقتۇر،
يۈقىا، لەۋەن لەۋلىرىڭ شېكەردۇر گويا.

قۇندۇز كەبى چاچلىرىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن،
يىپەك كۆينەك ئىچىدە ئويىنار ئاق تېنىڭ؛
تولۇن ئايدەك يۈزلاردىن سەنلا كۆرۈلگەن،
شۇڭا ئاشىق كۆپ بولۇپ قاينار ۋەتىنىڭ!

1948 ـ يىل فېۋرال، خوتەن (تۈرمە).

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## مەن!

مەن ئۆزەمنى يېتىم دېسەم، ئانام بار ئىكەن،
يالغۇزەك ـ مىسكىن دېسەم، ئېلىم يار ئىكەن.
باغلىرىمنى قايناق دېسەم، گۈللەر خار ئىكەن،
يۇت ـ قولۇمنى بوشاق دېسەم، يوللار تار ئىكەن.

ئانام مۇڭدىن ئويغانسىدى ھالىمنى بىلسە،
ۋەسلىگە ھەم بىر قاندۇرۇپ يارىم بەزلىسە؛
باغلىرىمۇ تۈزۈلەردى باھارىم كەلسە.
يوللار كەڭرى بولۇر ئىدى زامان تۈزۈلسە.

شۇڭا دەيمەن مەن بىر دەرتمەن، دەردىم تولادۇر،
ئۈمىت ـ ئىشەنچ يۈلتۈزى ئالدا، شۇ بولۇر دەرمان.
ھەر مالامەت ئارقىسىدىن سۆيۈنچ بولادۇر،
كى يارا دىل سۆيۈنگەندە قالمىغاي ئارمان!

1948 ـ يىل، خوتەن (تۈرمە).

# دەردىم ۋە دەرمانىم

مەن زاماندىن كايىسام،
زامان مەنــدىن ئاغرىنىپتۇ.
مۇڭدىن بويۇن تولغىــسام،
دەرتمۇ مەندىن زارلىنىپتۇ.

1

خەلقىم هامان غەپــلەتتە،
قاڭغىر قاخشار كۆلپەتتە،
جاهالەتتە كۆن كۆرمەي،
سەرسان يۈرەر غۇربەتتە.

خەلقىمغە جان تەسەددۇق
دىسەم، دەرتتە ئايلاندىم.
خەلقىم بولغاچ تەپەررۇق*،
شۇم ئاياقتا چەيلەندىم.

* تەپەررۇق — بۆلۈنۈش، چېچىلىپ كېتىش.

سېنى دەپ تاغ ئاغلىسام،
ھاسا يولداشىم مېنىڭ.
ساڭا ئۈمىت باغلىسام،
قەلەم قولداشىم مېنىڭ.

"ئاھ، خەلقىم!" دىگەنسېرى،
غەپلەت باستى باشىڭنى.
نەسلىڭ غەم يىگەنسېرى،
ياتلار يىدى ئاشىڭنى.

پالتا سېپى ئۆزەڭدىن،
دۈشمەنلىرىڭ كۈلكىدە.
ئوتلار ياندى كۆزۈڭدىن،
ئاراملىق يوق ئۆلكىدە.

ئىلى دولقۇن قوزغىتىپ،
ئالتايدىن چىقتى سادا.
پامىرنى قىش مۇزلىتىپ،
ۋەھشەت قوپتى تارىمدا.

دەردىڭدە كۆپ دەرتمەن مەن،
ئۈمىدىڭدۇر دەرمانىم.

ساڭا چاپسام كەتمەن مەن،
كېلۇر بىر كۈن ئارمانىم.

2

سەن ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ،
ئاتلانغان پىداكارلار؛
تۇمانلاردا سەپ يېرىپ،
بەردى قانچە قۇربانلار.

قايسى دۈشمەن، قايسى دوست،
بارچىگە كۆز سال ئەمدى.
دۈشمەنىنىڭ يولىنى توس،
ساتقىنلارنى چال ئەمدى.

ياشاش ئۈچۈن چىڭ بىرىك،
شۇندىن كېلۇر هالاۋەت.
ئەل ئىچى بولسا يىرىك،
ئاقىۋىتى — مالامەت.

گۈزەل، بايدۇر، كەڭ-كەڭرى،
سەن يارالغان بۇ دىيار.
تەپەررۇق يولى ئەگرى،
بىرلىك بولسۇن ساڭا يار.

ئاھ بىلەن دەرت ساقايماس،
سەن زامانغا بولما قول.
بىر ياقىدىن چىقارساڭ باش،
مىجەلمەيدۇ يامان قول.

* * *

خەلقىم مۇڭدىن ئويغانسا —
ئۈمىدىم، شۇ ئارمانىم.
ھۆرلۈك سۆيىگە قانسا،
دەردىمگە شۇ دەرمانىم!

1948 ـ يىل، خوتەن (تۈرمە).



## سەن (2)

ئەركىنلىك دەۋاسىدە تەلەپكارىم سەن،
رەقىپلەرنى چەيلەشتە مەدەتكارىم سەن.

هاياتلىق تومۇرىدا قىزىل قانىم سەن،
سەلتەنەت قۇرسام ئەگەر سەن خاقانىم سەن.

ئۆمرۈمنىڭ هايات سۈيى هەم دىل شادى سەن،
كۆركەملىكنىڭ كۆركى سەن هەم گۈل شادى سەن.

شائىرلىغىم ـ شېئىرىم، سەنئەتىممۇ سەن،
چىرايىمغا نۇر بەرگەن تەلئەتىممۇ سەن.

كۆزۈمنىڭ قارچۇغىسى ـ گۆھەر نۇرى سەن،
ئىككى ئالەمنىڭ ماڭا چىن غۇرۇرى سەن.

هۆرمەت دىسەم، ئەل ئارا ئىززىتىممۇ سەن،
شېكەر ـ قەندىن مىڭ ئارتۇق لەززىتىممۇ سەن.

www.uyghurkitap.com

سەن ئۈچۈن جاپا چەكسەم-راھىتىم سەن-سەن،
كەلسە راھەت مېھنەتتىن، ئامىتىم سەن-سەن!

1948-يىل، يەركەن (تۈرمە).

# گادامەن

كۆنلەر دەشتىدە، يارنىڭ رىشتىدە بولدۇم ئادامەن،
چولپانغا دەرتمەن، ئايغا مىڭ بەنتمەن، بولدۇم پىدامەن؛
ئىنسان قەستىدىن، يالغان دەستىدىن بولـدۇم نادامەن،
يارنى ئىزلىبان، قۇتۇپ كۆزلىبان بولدۇم گادامەن.

ئۈمىت نۇرلىرى، ۋاپا ھۆرلىرى ماڭادۇر يۈرەك،
قارا ئارىدا، تاھىر يارىدا "ھايات نە كېرەك!"
ئۈمىت ئالدا بەس، قەغەز بۆكتە مەس، ۋىجداندۇر تىرەك،
يارنى ئىزلىبان، قۇتۇپ كۆزلىبان بولدۇم گادامەن.

ئۈمىت بەھرىدە، جاپا نەھرىدە شاۋقۇن بېسىلدى،
"ئەھدى" چوڭ ئىكەن، "خۇلقى" توڭ ئىكەن، يۈرەك قىسىلدى.
بوينۇم پۈكۈلدى، تىلىم تۇتۇلدى، ئەركىم كېسىلدى،
يارنى ئىزلىبان، قۇتۇپ كۆزلىبان، بولدۇم گادامەن.

1948 ـ يىل نويابىر، ئاقسۇ.
(ئەسلى 1947 ـ يىلدىكى تەسراتتىن تۇغۇلغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ساڭا بەنتمەن

تەبەسسۇم قىلچۇ، ئەي دىلبەر،
قىزىل يۈزۈڭ گويا قەمبەر،
كۆزۈڭ شەلايۇ، نۇر-ئەنۋەر،
مۇھىپ* دەرتمەن، ساڭا بەنتمەن.

جاھان باغىدا سەن بۇلبۇل،
سىنىڭ ئىشقىڭ قىزىل گۈل، گۈل،
گۈل ئەنداملىق، ساچىڭ سۇمبۇل،
مۇھىپ دەرتمەن، ساڭا بەنتمەن.

تىلەك كۆكتە چوغ يۇلتۇز،
سىنىڭ ئاشىقلىرىڭ دىلسوز،
ياتار سايدا كەبى قۇندۇز،
مۇھىپ دەرتمەن، ساڭا بەنتمەن.

---

* مۇھىپ — مۇھەببەت قويغۇچى، سۆيگۈچى.

چىرايىڭ ئاپتاپ ـ تەنئەت،
بە خۇلقۇڭ گۈزەل سەنئەت،
ساڭا كۆڭلى جىمى رىپئەت،
مۇھەببەت دەرتمەن، ساڭا بەندىمەن.

1948 ـ يىل نويابىر، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى
www.uyghurkitap.com

# قايغۇم

بىر تۇغۇلدۇم، ئىككى ئۆلدۇم بۇ جاھاندا ئەللىرىم،
ياش تۇرۇپ كەتتى مادارىم ھەم پۈكۈلدى بەللىرىم.

بىر-ئۈچ ئاي ئۇيناپتىمەن ھايات بېغى مۇشۇلا دەپ،
دەردى كۆپ ھەم دەردى يوقتەك بىخارامان، بىتەلەپ.

يىل باھارى كەلدى ھەر يىل، بىر باھارىم كەلمىدى،
بىر باھارىم كەلگىچە ھەم زامان ئارامىلىق بەرمىدى.

گۈل نەسىبىم، ياش مەۋسۇمىم كەتتى بىھۇدە ئۆتۈپ،
ئەمدى قالتىراپقىنا ئاغزىم ئىچىپ تۇردۇم كۈتۈپ.

نەدە ئۇ غۇنچە ۋاقىت، نەدە باھار: ئالما، ئانار؟
بېشىم سىلىپ ئاھ-نالەشىم بىرلە يۈرەكتىن ئوت يانار.

كۆزلىرىم قايغۇدا نەم، سۆزلىرىمدە لەززەت يوق،
نىگە؟ ئاڭلىغۇچى يوقمۇ! نىگە، مەندە ئىززەت يوق.

1948-يىل نويابىر، قەشقەر.

# ”يېڭى يىل“غا مەدھىيە

يېڭى كۈنلەر كەلگەن بىلەن تۇرمۇشۇم كونە،
بىساتىمدا يېڭىلىق يوق، ئۆيۈممۇ رەھنە.

چاپان يىرتىق، نانىمۇ پارچە، ھايات مەناسىز،
كۆزلەر چاپاق، بىلەك كۈچسىز، جىسمىم رەناسىز.

ۋاپا كۈتكەن يارلىرىمدىن جاپا كۆردۈم، ھەم —
جاپا دەستىدە تولا داتلاپ، يەنە چەكتىم غەم.

بۇ دەرتلەردىن دەرتمەن بولۇپ ئاچسام كۆزۈمنى،
يا كۆزۈمنى ئاچالماسمەن ياكى سۆزۈمنى...

"يېڭى" دىگەن ھامان ئۇينار قانلىق يۈرەكلەر،
يەر ۋە كۆككە پاتماس گويا يېڭى تىلەكلەر.

"يېڭى" دىگەن سۆزلەر يەنە كۆككە ئۇچىدۇ،
ئۇچىدۇ-دە، توزۇيدۇ ھەم توزان قۇچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەي، يېڭى يىل! يېڭى دېگەن ئاتىڭ شەرەپتۇر،
زاتىڭ سېنىڭ ئۆزگەرمىگەن "قارا ئەرەپتۇر".

ياق! ... يىللارنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇقۇ باسالماس،
قويۇن بىرلە تۇزان، ساتۇتۇن ـ تۇمان تولماس!

1947 ـ يىل خوتەندە يېزىلغان،
1948 ـ يىل قەشقەردە تۈزىتىلگەن.

# ئىشتىياق

(مۇخەممەس)

ئاشتى ئىشقىم ھەسسىلەپ، خەتتە نام-شەنىڭ كۆرۈپ،
لەۋلىرىم تاپتى نىسىپ، لەۋزى ئەپشانىڭ كۆرۈپ؛
چۈشتى چېھرىڭگە كۆزۈم، ئەلدە نىشانەڭ كۆرۈپ،
تۇتتۇق چىراي ئىچلدى نۇرى پىشانەڭ كۆرۈپ؛
كۆڭلۈم ئۆيى پارلانسا خۇرشىد-رەخشانىڭ كۆرۈپ.

سىياقىڭنى كۆرسەتكەچ بولدى جىمى ئەل ھەيران،
بەرگەن ئىدىڭ بىشارەت تىلەكلەر بولدى تەيران؛
ۋىسال تاپقان مۇرىدىڭ جاھاندا سۈردى دەۋران،
رەپىقىڭگە يۈزلەنسەڭ رەقىبىڭ بولۇر ۋەيران؛
دەيمەن يۈزۈم نۇرلانسا خۇرشىد-رەخشانىڭ كۆرۈپ.

ئاڭلاپ شىرىن سۆزۈڭنى قۇلاق-گاراڭ ئېچىلدى،
كۆرسىتىپ تۇغ-مەنزىلنى يول كەڭ-ھاللاڭ ئېچىلدى،
كۆرۈپ ماڭغان يولۇڭنى نىيەت سۈيى ئىچىلدى،
ۋىسالىڭنى كۆزلەپ، مىڭ جان بولسىمۇ كېچىلدى؛
جېنىم ياشناپ-يايرانسا خۇرشىد-رەخشانىڭ كۆرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

مېھرىڭ بولسا مادارىم جان قوشۇلغاي جىسمىغا،
كۆزۈڭ نۇرى-يېشىندىن ئوت تۇتاشقاي ئىسمىغا؛
بۇ ئوت ئۆرتەپ يۈرەكنى قان قوشۇلغاي قىسمىغا،
ئوت كۆيدۈرسە تېنىمنى شەرەپ قونغاي شانىمغا؛
خەستە دىلىم ئوڭلانسا خۇرشىد-رەخشانىڭ كۆرۈپ.

قىلسۇن ئوتۇڭ مەيلى كۆل چىرىك خانۇ-مانىمنى،
تەسەددۇق قىلغۇسىمەن ساڭا جانۇ-مالىمنى؛
قاراپ قويدۇڭ بىر مەرتە سورىمىدىڭ ھالىمنى،
تۇت قولۇمنى ئەزىزلەپ، كەتكۈزگىن گۇمانىمنى؛
خاراپ خانەم جانلانسا خۇرشىد-رەخشانىڭ كۆرۈپ.

1949-يىل 22-يانۋار، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاڭ ناۋاسى

(1982 — 1950)

ئەركىن نەپەس ئالۇر ئەمدى بوغۇلغان ئېلىم مېنىڭ،
سەير قۇياش نۇر چاچار، سۈرگىل دەۋران يار-جان.
مەن قورۇقچۇڭ لالەزارىم — ھەق ئۈچۈن ئانتىم مېنىڭ،
ئوغلانىمغا خۇش بۇي چېچىپ، ئېچىل ئەلۋان، يار-جان!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## ئازاتلىق جەڭچىلىرىگە

(شېئىردىن پارچە)

لاچىن بولۇپ ئۇچتۇڭ
توسقۇن تاغلاردىن؛
قوغلىدىڭ
يىرتقۇچلارنى —
قوزغۇنلارنى
گۈزەل باغلاردىن.

رەقىبلىرىڭ زاۋال تاپتى،
كۆندەشلەر تاپتى گۆرىنى.
سېنى دىگەن جاپاكەشلەر
كۆرەش ئىچىدە
تاپتى يولىنى.

كارى - بارىڭ
ئىنىق - ئايدىڭ —
ھەممىگە ئايان،

چۈنكى ئەلگە بەردىڭ ئامانلىق؛
سېنىڭ ئالدىڭدا ياۋۇزلار
بولدى "قويان"،
"مەن ـ مەن" دىگەن كاززاپلارنىڭ
ياتقان يېرى سامانلىق.

ساڭا قاراپ ئاقماقتا
رەخمەت دەرياسى.
شانلىق ئىزلىرىڭدىن
ئۆنمەكتە
راھەت گىياسى.

سالام! ساڭا،
كۆكسى ئايدەك
كۆلگەن ئىنساندىن؛
تىلى ئەمدى سۆزگە كىرگەن
شىرىن لىساندىن.
رەخمەت دەيدۇ
ياڭرىتىپ سادا،
گۈلزار باغلار،
قىر ۋە دەريا؛
ھىڭگاڭدىن تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پامىردەك تاغلار،
غۇرۇر تىيانشان،
ئازات ھىمالايا!

بارچە ئۇتلۇق قەلبىدە،
ئۇچقۇق پىكرىدە،
ھۆر مېھنىتىدە
يادلايدۇ سېنى
ئېتىزدا ھەم ئۇستىخانىدا؛
قىلىپ تەۋسىيىك
دائىم زىكرىدە
ھەم سۆھبىتىدە،
ئەسلەيدۇ سېنى
ئەلۋەك داستىخانىدا.

قىلىپ تەڭكەش سازەندە،
جەڭگىۋار كۈيۈڭگە
چالماقتا شوخ دۇتارىنى.
ئىلھاملىنىپ ئۇتۇق چېچەكلىرىڭدىن،
ئاڭلاپ قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىڭدىن،
داستانغا سازلىدى
ئەل خۇشتارىنى.

مەنمۇ جۇر بولۇپ
قىلىپ تەمبۇر قەلەمنى،
ئاتاپ شەنىگە
ھۆرلۇك كۈينى
چېكىمەن.
تەسەددۇق بولۇپ
نىشانەگە،
جان ـ ۋەسلىمنى
تىكىمەن!

1950 ـ يىل، ئۈرۈمچى.



# نورۇزغا ئەقدە

كۈن ئۆتتى قوغلشپ، ئايلارمۇ ئۆتتى،
ئاي ئايغا ئۇلشپ، يللار ئوزاندى.
تۈن يېرىپ چىققان يىل سائادەت قۇچتى،
بۇ يىلنىڭ سۈبھىسى ئىقبال قازاندى.

ئىقبالغا ئۈمتۈلگەن ئەلەملىك كۆزلەر
ئېچىلغاچ نۇر كۆرۈپ كۈندىن چاڭقىدى.
ھەۋەسكە كۆمۈلگەن قىز، قىران- بۆزلەر
يىللاردىن بەختنى ئېنىق ئاڭقىدى.

زامانىڭ ئۆمۈرلە بولمىدى ئىشى،
ياشلىقنى قامالاپ كۆمدى تۇپراققا.
ئويلىسا ئۆتكەنكى ئۆمرىنى كىشى،
ئوخشايدۇ ھەر كۈنى خازان ياپراققا.

---

*ئەرۋەش — ئەپسۇن.

قاپ ـ قارا دەھشەت تۈن شۇملۇق پەللىسى،
ئەرۋەشلەپ* ھەر ياشنى ھەر يان سورىدى.
ئۆتمۈشنىڭ بىر چاغلىق شىرىن ئەللىسى،
ئۆكسىگەن كۆڭۈلنى بەزلەپ قورىدى.

پايماللاپ كەتتى يىل ئىنسان قەدرىنى،
ۋاھ دەرىخ! لەنىتى ئۆتمۈش زامانغا.
ئۆتتى ياش ئالالماي يىلدىن ئەجرىنى،
چۈنكى يىل قىلمىدى پىسەنت ئىنسانغا.

ئوغۇل ـ قىز ياراتقان نېمەتلىرىدىن،
ھەسسە دەپ يىللاردىن كۆتكەندى ئىھسان.
ئۆتكۈزگەن ئۆمۈرنىڭ قىسمەتلىرىدىن،
تاپمىدىن ھېچ لەززەت رەنجىگەن ئىنسان.

سۆزۈلدى كۆنچىقىش چولپان چوغلىنىپ،
چىقتى كۈن ئالتۇندەك زۇلپىنى تاراپ.
جان تەسلىم قىلدى تۈن ھەر يان تولغىنىپ،
تۇغۇلۇپ بىزگە كۈن كۈلمەكتە قاراپ.

چاپارمەن چىلىڭ مىنىپ يىللار ئېتىغا،
مىنۇتنى قەدىرلەپ، ئەلگە بېغىشلاپ.

www.uyghurkitap.com

ئەل ئىشىن ئورنىتىپ يۈرەك قېتىغا،
كۈيلەيمەن زەپەرنىڭ كۈيىن يېنىشلاپ.

ئۆزەرمەن ھېچ چۈشمەي يىل كارابىدىن،
ئۇرانلاپ تىلىمدا دىلدىن قەسىدە.
تۇتسا جام يىل كۆرەش مەي-شارابىدىن،
پىدامەن نورۇزغا ساقلاپ ئەقىدە.

1950 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



## يېڭى ئاڭ

ئۇزاق تۈن تۈگەپ، ئاتتى قىزىل تاڭ،
تاڭ نۇرى بىلەن كۆڭلۈم يورىدى.
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ بەردى يېڭى ئاڭ،
يېڭى ئاڭ يېڭى يولغا جورىدى.

يارىشىپ زامان تۇغۇلدى ئوغلۇم،
قوشلاپ قۇتلىدى مېنى يېڭى يىل.
روھى ئازاپتىن تەڭلا قۇتۇلدۇم،
يېڭى يىل بەردى ماڭا ئۈچ ئەقىل.

بىرى: نىشاننى تاپتىڭ، ئاداشما،
نىشاننى كۆزلەپ توغرا مېڭىۋەر،
بىرى: ئەلنى دە، ئەلنى ئۇنۇتما،
ئەلدىن ئايرىلسا، شۇنى بۆرە يەر؛

بىرى: ھەقىقەت، بولسۇن مىزانىڭ،
ئايرىلمىسۇن تىل، قەلبىڭ ھەقتىن.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ خىل ھىكمەتنى قىلىپ ئىبرەت سۆز،
ئىلھامنى ئالاي قىزىل شەپەقتىن.

ئاچاي تارىختىن يېڭى بىر بەتنى،
ئوغلۇمنى ئاتاپ يېڭى زامانغا.
چۆرۈپ تاشلىدىم كونا بىساتنى،
خاتىمە بېرىپ كونا دەۋرانغا.

1950 ـ يىل ئۈرۈمچى.



# يەر ئىگىسىنى تاپتى

يەرنى ئاچقان ئەر، تا ئەلمىساقتىن
قوتۇلالمىغان ئالۋاڭ ـ ياساقتىن.

مۆلكى بولدى يەر بىكارچى "خەقنىڭ"
كۆزى كۆرمىدى زۇلۇمنى "ھەقنىڭ".

ھەقدارى يەرنىڭ بولدى جاۋاپكار،
بىكار تەلەپلەر بولدى تەلەپكار.

يەرنى تىرىسا ئەمگەكلىنىپ ئەر،
قالدى جاپادا، كۆنى بەش ـ بەتەر:

ئىچكىنى داغ سۇ، يېگىنى زاغرا،
كىيگىنى خام بۆز، ياتقىنى ئورا.

ئۇنىڭدا ياتقانلار چاينىدى ياغنى،
دىخاننىڭ قولى كۆكەرتسە باغنى.

يەرگە تېرىقچى مەجبۇرى ئىشلەپ،
ئاخىرى قالدى لېۋىنى چىشلەپ.

تۇزۇمنى ئۆرۈپ بولدى ئىسلاھات،
قىلىندى مىڭ ـ مىڭ يىللىق ھېساۋات.

كىم تەرسە يەرنى ئىلكىگە ئالدى،
تەۋلىيە خەتنى گۇلخانغا سالدى.

يەرتاپتى ئاخىر چىن ئىگىسىنى،
كۆرگىن دېخاننىڭ چىن كۈلكىسىنى.

دېخان قۇتۇلدى بويۇنتۇرۇقتىن،
ئەمدى قۇتۇلغاي شىرە چورۇقتىن.

1952 ـ يىل.



## ئاچقىل ساۋاتنى!

ئىشچى ـ دىخان قېرىنداش ئەركىنلىكنى تاپتىڭ،
كەڭ ئېتىزدا ئويىنىتىپ كەتمەننى چاپتىڭ.

مەڭگۈ ھايات سۈرۈشكە ئاچقىل ساۋاتنى،
لەززەتلىنىپ بىلىمدىن چاققىل ناۋاتنى.

*
* *

كۆپ ئەسىرلەر جاھالەت بوغدى قامال لاپ،
چىرمىۋالغاچ خۇراپات ھەر خىل ئامال لاپ.

نادانلىقنىڭ چۆلدە يۈردۈڭ تەنتىرەپ،
سۇناي ئەمەس كانايدىن دائىم ئەنسىرەپ.

كۆزى ئوچۇق كور بولۇپ دۇنيانى كۆرمەي،
ھۆنەر ـ پەندىن كۆزۈڭگە سۈرمىنى سۈرمەي.

قانچە ئەسىر ئارقىدا قالدىڭ ئەل ئارا،
قارا كۆڭنىڭ دەستىدىن يولۇڭمۇ قارا.

زامان تەتۈر چۆگۈلەپ توسقان قۇياشنى،
ئۇرۇغ چاچساڭ زىمىنمۇ بەرمىدى ئاشنى.

ئىمجان بىلىك پۈكۈلگەن ئالۋاڭ - پاراقتىن،
قۇتۇلمىغان ئۇچاقمۇ جەندە - قۇراقتىن.

* * *

ئىجاتكارىم رۇسلىدى سۇنغان بىلىكنى،
ھوقۇق بەردى، كۆرسەتتى مېڭىش يولۇكنى.

ساۋاتسىز ئەل، نادان ئەل ئەركىن ياشالماس،
رەپتاردا يوق، يا رەتتە قىردىن ئاشالماس.

قاناتلانسۇن ساۋاتلىق بولۇش ھەركىتى،
ئوقۇش بىلەن خامانىڭ بولۇر بەركىتى.

مەرىپەتنىڭ ئېتىدا چۈشكىن بەيگىگە،
ئىلىم - پەننىڭ بېغىدا قېتىل سەيلىگە.

ئوقۇ، ئاقار جان خەلقىم، بەختىڭ ئوقۇشتا،
ھەق - ناھەقنى ئايرىماق دۇنيا تونۇشتا.

1953 - يىل، ئۈرۈمچى.

# چىمەننەگۈل

چىمەننەگۈل ئۇ، گۈل چىمەن
مەيدانىدا مەرغۇپ چېچەك؛
ئاشىقىڭمەن، گۈلچىمەن،
ئالدىڭدا ئۆزگە خوپ پىچەك.

چىراي بازارىدا يەك سەن،
جاھان غەۋغاسىدىن ساق سەن؛
چىداشلىق بەيگىدە بەك سەن،
قىــزىل سەن، سۈتـتـىنـمۇ ئاق سەن.

كۆكۈل بەردىم ساڭا چىندىن،
نىمە دەر مەيلى ھەر كىشى.
تۇتىيا ھەم تۇپرىغىڭ چىمدىم،
سېنى ئاسراش ۋىجدان ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرەر،
چىپار كېپىنەك ئەمەسمەن؛
كى ھۆسنۈڭگە ھۆسۈن بېرەر
ياپرىغىڭمەن، ساڭا خاس مەن.

1957 ـ يىل ئىيۇل، قەشقەر.



# تۆيۇقلار

## 1

كۆرەش يولى ئۇزاق يول، ئەگرى ـ توقاي، تۈز،
ھەرنە دىشۋارلىقتا ھەم سەپنى قايتماي تۈز؛
كەلسە ئۇتۇق مېھنەتتىن ھايات چىغىدا،
زەپەر ئۇچۈن ياڭرىتىپ، شوخ سازىڭنى تۈز!

1952 ـ يىل.

## 2

ئېتىپ ھۆرتاك شولىدە سۈندى تۈن ـ قارا،
چوك سەپەرگە ئاتلىدۇق، كۆزلەپ چوك قارا.
ئەمدى ئىشلەش پەيتى بىل، قىلغىل ياخشىلىق،
بولما ئەلگە سەن يامان ھەم كۆڭلى قارا.

1957 ـ يىل.

## 3

مەيتۈن بولۇپ كۆڭلۈم چۈشكەن قەلەم قاشقا،
ۋەسلىنى دەپ چاپقان مىنىپ تورۇق قاشقا.

www.uyghurkitap.com

قەلەم قاشتىن ئەلا ئىكەن ئېزىز خەلقىم،
ئەلنى كۆيلەپ ئۇ ياي نەزمە يۇرۇڭقاشقا.

1962 ـ يىل.



# قىزىل گۈل

(باللادا)

ئادالەت بۇلىقىدىن كۆكلۈل سۇ ئىچتى،
گۈلگۈنگە بولۇپ زوقمەن بىر ئىلھام كەچتى.

1

باش باھاردا يورۇپ تاڭ، شەپەق نۇر چاچتى،
تۈن ئىلكىدىن پەلەكنىڭ يۈزىنى ئاچتى.

ۋىساللىق قۇياشىدىن يورۇدى كۆزلەر،
كېكەچ تىلغا جان كىردى، ئۇرغىدى سۆزلەر.

گۈل باھار ئاپتاۋىدىن نۇر ئىمىپ ئۆلكەم،
سائادەتنىڭ نەقىشىدىن بولدى خوپ كۆركەم؛

بارچە ئىناق، سورۇندا كۆرمەكتە ئىززەت،
نېمەت بەرگەچ خۇش ئەمگەك تاپماقتا لەززەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا تۇپراق جانلىنىپ، بولدى گۈل چىمەن،
جورچى بۇلبۇل چىمەندىن بولدى بەھرىمەن.

كىيىپ ئۆلكەم كۆكلەمدە لىباس ئەتلەستىن،
خۇش مۇبارەك، دىدىم مەن ئۇتلۇق نەپەستىن.

قىلىپ جەۋلان قىزىل تۇغ، يولىمىز داغدام،
شۇنچە مەنزىل بىز ئۆچۈن بولدى بىر چامدام.

2

تارتماس تۆمۈر گۈل-گىيا بولمىسا تۇپراق،
ئالمىسا نۇر قۇياشتىن تۈسلەنمەس ياپراق.

سۇسىز چۆلدە گۈل تۈگۈل شىۋاق ئۈنمەس ھىچ،
گۈل كۆكەرمەس باغۋەندىن كۆرمىسە پەرۋىش.

گۈل باراقسان بولغۇسى سۈزۈك ھاۋادا،
قىلۇر جىلۋە بۇي چىچىپ ئەركىن سابادا.

مىنىپ خىيال ئۇچقىدا قىلغاندا پەرۋاز،
كۆڭۈل تارى چالغاندا تەپەككۇردىن ساز.

ئەجەپ خۇش بۇي پۇرقىدى پەنجىر ئالدىدا،
يېنىپ چوغدەك چاقنىدى گۈلگۈن پاللىدا.

تويماي باقتىم چىمەنگە ئېچىپ رۇجەكنى،
كۆرسەتتى گۈل يۈزىنى يېشىپ لىچەكنى.

قۇشلاپتۇ گۈل باھارنىڭ ساباسىدىن بۇي،
پۈتۈپ شاخى زۇمرەتتىن غوللاپتۇ خۇش خۇي.

غۇجمەك ـ غۇجمەك غۇنچىسى شىڭگىل ـ شىڭگىل ۋاي،
قىلۇر مەپتۇن ئاشىقنى جىلۋىسى ھاي ـ ھاي.

قاماشتۇردى كۆزلەرنى بەرگلىرى شۇنچە،
ئېچىپ يۈرەك قېتىنى قىرمىزى غۇنچە؛

ئېشىپ شەۋقى ئېچىلغان ئازادە ـ كۆركەم،
غولى مەزمۇت، غولىدىن يىلتىزى مەھكەم.

چاشگاھ ئالدى شەپەقتە پۈركۈپ قۇتتىن تەم،
ھەتتا بولۇر ئايدىڭغا نىشاندىن ھەمدەم.

ئارزۇ قوزغار جامالى زوقمەن ئادەمدە،
دەرمان بولۇر ئادەمگە يورۇق ئالەمدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىمەس بۇ گۈل جاھاندا بولسام يىگانە،
داڭلاپ ئۆزىنى، ئۆزگىنى دىمەس بىگانە.

سۇۋادانىدەك گېدەيمەس سوزۇپ قەددىنى،
قىزىللىقتا ئۇنتۇماس ئەسلى-جەددىنى.

ئۇ شاپتۇل چېچەكىدەك بولماس تېز توزان،
قەلەمپۇر پۇچەكىدەك ئەمەس زەر-خازان.

ياسمەندەك تۇراقسىز ئەركە-ناز ئەمەس،
ئاقشماردەك يۇمۇلغاق، بوش، تەنناز ئەمەس.

ھېچ بىلىنمەس كۆرەڭلىك ئىسىل تۇرقىدىن،
ھەم كۆرۈنمەس بىزەڭلىك تەمكىن خۇلقىدىن.

نايناقلىماس مېنىڭلا بىر ھۆسنۈم بار دەپ،
غورۇرلانماس سۆلەتتە شۆھرىتىم يار دەپ.

پۇراق ئۇچۇن چىن مىزان بولۇش ئاڭا خاس،
نەزەر سالسا ئايرىلۇر يالغان بىلەن راست.

يىگەي خەنجەر قىلسا قەست مەلئۇن كۈشەندە،
خىسلىتىگە مەھكۇمدۇر چاقىقاق-گىزەندە.

شۇڭا تۇرلۇك گۇللەردىن ئاڭا خاستۇر تاج،
سەردانىسى گۇللەرنىڭ تاپقۇسى راۋاج.

3

ئىگەلمىگەن زىمىستان گۇلنىڭ بەستىنى،
ئۇنتۇمايدۇ يانا ئۇ جۇتنىڭ قەستىنى.

سالغاندا گۇل قەددىگە جۇدۇن پەنجىنى،
تائماق بولۇپ بەرگىگە سولغۇن رەنجىنى؛

لىباس تىكىپ شۇۋرغان قاردىن غولىغا،
سوغۇق نەشتەر ئۇرغاندا يىلتىز-ئولىغا.

گۇل سولمىدى ھىچقاچان ئاياز قەھرىدىن،
ئۈمىدىنى ئۈزمىدى كۆكلەم مېھرىدىن.

رەقىپلەرنى لەت قىلىپ ئۆتكۈن-خەتەردە،
يەتتى كۆكلەم پەسلىگە مۇشكۇل سەپەردە.

گۇل ئېچىلغاچ قايتىدىن كەلدى چىن باھار،
چۈنكى ئۇنىڭ زاتىدا ھەق بولدى ئىزھار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارچە گۈللەر چېھرىگە ئۇدى ئىنتىزار،
گۈل ـ يار بىلەن جانلاندى باھاردا گۈلزار.

كۆرستىپ گۈل ھۆسنىنى چېچەكلىدى جان،
سارغايغان بۇ يۈزلەرگە يۈگۈردى ھەم قان.

قىلدى بۇلبۇل ئىشقىدىن تاڭداخۇش ناۋا،
بولدى بۇيى يۈرەككە خىسلەتلىك داۋا.

شۇڭا بىلگىل گۈلشەندە گۈلنىڭ قەدرىنى،
سۆزلە، ئوقۇپ مەدھىيە باغۋەن ئەجرىنى؛

گۈلگە سۇنغان سوغاق قول قەستىنى سۆزلە،
ئوقۇپ ناخشا گۈل ئۈچۈن ئەتىنى كۆزلە.

گۈلنى ئاسرا، گۈل ئۈچۈن جاننى پىدا قىل،
چىمەنزاردا بۇرچۇڭنى دائىم ئادا قىل.

گۈل چىللايدۇ: سورۇننى ئەمگەك بىلەن تۈز،
دەرياسىدا ھاياتنىڭ غولاچ تاشلاپ ئۈز!

## 4

يارىتىپمەن ئۆتمۈشتە ئاخشامشىمارنى،
كۈننى كۆرسە يۇمۇلغاق كېچە خۇمارنى:

مەجنۇن كەبى لەيلى دەپ ساراپنى كۆزلەپ،
پىل - پىل چىراغ تۈۋىدە شاراپتىن سۆزلەپ؛

چىڭگىلىكتە مەستانە كېپىنەك پايلاپ،
سەرسانلىقتا بەڭگىدەك ھەر نىمە ئويلاپ.

كۆزۈم خىرە بولغاچقا گىيا ئىلغىماي،
تازا گۈلنىڭ بۇيىنى دىلغا چۈلغىماي؛

گۈل دەپ سۇنسام قولۇمنى تەگدى تىكەنگە،
رەنجىدىن ئاق چېكىلگەن ئىككى چېكەمگە.

ئۆتتى ئۆمرۈم بىھۇدە ئەسلىسەم ئەمدى،
پۇشايماننىڭ ئوتىدا باغرىمىمۇ ياندى.

تاڭ چولپىنى باشلىغان شەپەق پەسلىگە،
دانا باغۋەن يەتكۈزدى گۈلنىڭ ۋەسلىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىللىق قۇياش يورۇتۇپ قارا دىلىمنى،
گۈلنىڭ ئىشقى سۆزلەتتى تۇتۇق تىلىمنى؛

كۆكلەم يورۇپ كۆزلىرىم بولدى خوپ روشەن،
كۆردۈم كۆڭۈل كۆزىدە ئاجايىپ گۈلشەن.

قىزىل گۈلنى تاللىدىم گۈللەر ئارا، بەس،
قىزىل گۈلدىن ئۆزگىسى مەڭگۈ كېرەكمەس.

بولاي ياپراق بويۇڭغا، مەھلىيادۇرمەن،
بۇيۇك بىلەن كۆكەرسەم خوش گىيادۇرمەن.

جېنىم ساڭا تەسەددۇق، سەنلا بىر دىلكەش،
شەنىڭ ئۈچۈن ئاجىزلىق قىلدى قەلەمكەش؛

گۈلنى تەرگەن باغۋەنگە قىلدىم تەشەككۈر،
يېتەلمىدى ۋەسپىگە قەلەم-تەپەككۈر.

ياشنا-ياشنا، ئەي گۈلۈم، قاپلا چىمەننى،
باشلا چىمەن سەھنىدە ئەلۋان-تۈمەننى؛

ئىلىم-سەنئەت بابىدا ئېچىلغىل قات-قات،
ھەر قېتىڭدىن ئېچىلسۇن يېڭى گۈل پات-پات!

بەردى قايتا گۈل ماڭا ياشلىق قىراننى،
چۈشتۈم يېڭى سەپەرگە سېلىپ ئۇراننى.

1978 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

## مەن تەسەددۇق

مەن تەسەددۇق، تەڭدىشى يوق، ئىسىل يارىم سەن،
يارىم دىسەم كۆز ئالدىمدا كەڭ دىيارىم سەن.
گۈزەللىكتە يىگانە سەن، جەننەت نە هاجەت،
يارىم دىسەم يۈرەك ئۈينار، ئىپتىخارىم سەن.

هارارەتتە كۈن يېڭىلگەي نۇرلۇق يۈزۈڭدىن،
پاساھەتتە ئاي كېكەشلەر ئوتلۇق سۆزۈڭدىن؛
هالاۋەتتە سەندىن كېلۇر هاياتقا لەززەت،
بىدارلىقتا چولپان خىجىل ئۆتكۈر كۆزۈڭدىن.

ۋۇجۇدۇمغا بەردى مېھرىڭ جان، مېھرىۋانىم،
جامالىڭدىن جان ياشاردى، دەرتكە دەرمانىم؛
سەن ئۇچۇن تەر تۆكۈپ ئىشلەش ماڭا شۆھرەتتۇر،
سېنى قوغداپ كەچسەم جاندىن يوقتۇر ئارمانىم.

ئۇلۇغ ئۇستاز يېتىشتۈرگەچ سەن بولدۇڭ ئۇتقاش،
قەلبى ئوتلار چىن پەرۋىشچى، ساڭا زور قولداش؛

سېنى ئاسرار ئاشقلىرىڭ بىلىپ قەدرىڭنى،
پېشۋالار چىڭ پاسىۋان، سەن ئۈچۈن يولداش.

دېۋىلەرگە بولمىدىڭ سەن ھەرگىز دىلئارام،
جادىگەرمۇ ئەرۋەش بىلەن قىلالمىدى رام.
ئېيىق باتۇر مەيلى تاغنى قانچە ئويناتسۇن،
ئۈركۈپ سەندىن تاپالمىغاي ئەسلا ئۇ ئارام.

بەش مىڭ يىللاپ بولدۇڭ رەنا، جاھان كۆزگۈسى:
تۆت ھۆنەردە بارچە ئەلنىڭ شانلىق ئۈلگىسى؛
قامىتىڭنى قايتا رۇسلاپ يېڭى بەزمىدە،
ئەيلە جەۋلان، ھىكمىتىڭنى ئالەم كۆرگۈسى.

كونىلىقنى بۇزغان ئىدىڭ، يەنە بۇزارسەن،
يېڭىلىقتا ئوزغان ئىدىڭ، يەنە ئوزارسەن؛
چۈنكى دەۋرىم كۆرسەتمەكتە گۈللەش يولىنى،
زامانغا باپ يېڭىۋاشتىن تەزەك تۈزەرسەن.

زوقۇم كېلۇر كۆرسەم ئەجەپ لالە بويۇڭنى،
قىلسام ئادا ئىشقىم بىلەن يۈكسەك ئويۇڭنى.
ساڭا شەيدا يىگىتلەرنىڭ تىلەك ـ ئارزۇسى
ھەر يىل ئۇدا زەپەر بىلەن قۇتلاش تويۇڭنى.

1978 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەجەپ ئوبدان زامان كەلدى

## (قەسىدە)

— سەككاكىغا مۇشائىرە

تالڭ ئاتتى، هاي، كېتىپ زۇلمەت، يورۇق-ئاپتاپ زامان كەلدى،
تەن ئەردى ۋاي، ئەزىز خەلقىم، بۇ تەنگە ۋەسلى جان كەلدى؛

بۇ جاننى بەردى پارتىيەم كۆتەردى قەددىنى بارچە،
ئۇلۇغ ماۋجۇشىدەك ئۇستاز، ئاتادىن مېھرىبان كەلدى.

ئازاتلىق لەشكىرى بولدى خالايىق باغرى-پەرزەندى،
ياۋۇز دۇشمەنگە تىغ تەگلەپ، بۇ ئەلگە پاسىۋان كەلدى.

هاياتتىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئەلەمدە ئىگرىغان جانغا،
شىپالىق مەلھەمى بولغان ئازاتلىق شادىمان كەلدى.

بېرىپ يوقسۇلغا كۈچ-قۇدرەت ئۇلۇغ تەلىم ئېچىپ ئىقبال،
بۇ كۆزلەر بولدى خوپ روشەن، كۆرەشلەردە نىشان كەلدى.

بۇ ئەلنى كۆپ تالاپ، ۋەيران قىلىپ ئۆتكەن ئىدى خانلار،
كېتىپ كۈلپەت ياشاردى جان، سائادەتلىك جاھان كەلدى.

شۇم ئۆتمۈشتە يۇتۇپ خۇناپ، گادايغا بولمىدى ئارام،
چېكىپ غۇربەتتە ئاھ-پەريات، ئەجەپ ھالى يامان كەلدى؛

قولىدا ئۇيىنىتىپ قامچا سېلىپ ئالۋاڭنى قوش-قوشلاپ،
مىراپ بەگ، دوغا، ھاكىمدىن گادايغا كۆپ زىيان كەلدى.

سۈرۈپ كەيپى-ساپا ھەر چاغ مەئىشەتتە مۇلۇكدارلار،
كىشىلىك ئەپتىدىن چىققان كۆزى تويماس قاۋان كەلدى.

تەرىقەت تانىسى بىرلە گادايىنىڭ تىلى باغلانغان،
جاھالەت زەنجىرى چىرماپ كى نامرات ناتىۋان كەلدى.

قىلالتتى پەتىۋا مۇپتى جاپا يوقسۇلغا خاستۇر دەپ،
بېسىپ موھرىنى قۇززاتمۇ تىلى نەشتەر چايان كەلدى.

گادايىنىڭ كۆزىنى باغلاپ، ھۈرۈپ پىرخون قىلىپ جادۇ،
يەنە "سۇف-كۆچ" ئوقۇپ ئالداپ "سەئىد" سوپى-ئىشان كەلدى.

بويۇنتۇرۇق سېلىپ سۈتخور، قىلىپ ئۆلمەككە تەيمەك ھەم،
سۇلۇك كەبى يىلىك شوراپ قولىدا خەت ئورام كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

سىتىپ سەرگەزنى ئەتلەس دەپ، تالاپ نامراتنى قەللاپلار،
كېچەسى ئۇخلىسا ھەتتا چۈشىگە كۆپ ھايان كەلدى.

تۆكۈپ تەرىنى ئوتاقچى تېرىپ ئۈندۈرسە ئاشلىقنى،
ئېلىپ خامانى تەييارتاپ، دىخانغا غىچ توپان كەلدى.

پىتىر ناندىن سۇغۇرۇپ قىل، ئۆلۈكتىنمۇ سوراپ ئۆپكە،
جېنىنى پۇل ئۈچۈن بەرگەن بېخىل نەپسى خاپان كەلدى.

چېكىپ زۇلمەتتە مىڭ زەخمەت ئادالەت تىلىسە ھەركىم،
يەنە كى "دىنى-مىللەت" دەپ مۇناپىقلار يامان كەلدى.

جاپا جەۋرىدە يوقسۇللار بولۇپ بىر بۇردا نانغا زار،
ئېچىپ سۇ ئورنىغا زەرداپ يۈزى-رەڭگى سامان كەلدى.

ئاسارەت دەستىدىن ئىڭراپ، زۇلۇم پەنجىدە قان يىغلاپ،
گادايغا كۈلكە يات بولدى، كېچە-كۈندۈز پىغان كەلدى.

* * *

سوغاق چىللە كېتىپ ئەلدىن يېتىپ كەلدى باھار-كۆكلەم،
جىمى دوستلارغا خۇررام ياز، رەقىپلەرگە خازان كەلدى.

كېلىپ بۇ ئەلگە چىن نورۇز، خاراپلار ئەمدى كۈن كۆردى،
كېتىپ كەلمەسكە ئۇ كۈنلەر، ئەجەپ ئوبدان زامان كەلدى.

ئادالەت بىغىدا كۆكلەپ ئېچىلدى لالە-رەيھانلار،
ھۈنەر بۇلبۇلى شوخ سايراپ زەپەردىن خۇش زۇۋان كەلدى.

قىزىل قۇياش بولۇپ نەققاش بىزەندى چىھرىسى ئەلنىڭ،
زېمىن جىسمىغا ئەتلەستىن چىرايلىق زەر چاپان كەلدى.

ھەقىقەت ئىلمىدىن جەۋھەر كۆڭۈل تەختىگە ئورناشتى،
ئەقىل كۆزى بولۇپ روشەن كۆرەشتە يول راۋان كەلدى.

ئەلەمدەك بارچە مىللەتنىڭ بېشى كۆككە يېرىپ يەتتى،
خالايىق ياشىنىدى ئەركىن، تىلەك-ئىستەك ھامان كەلدى.

يۈگەن سالغاچ تەبىئەتكە، ھۈنەرگە بولدى ئۇ تەسلىم،
شۇڭا ئەمگەكچىگە قوشلاپ خەزىنە-خانۇمان كەلدى.

يېزا-قىشلاقنى كۆكلەتتى ئىلىم-ھۈنەر يېڭى يولدا،
بوقۇسا قالدى بىر چەتتە، تىراكتور — پەھلىۋان كەلدى.

باياۋان-چۆلدە فونتانلار قىلىپ بەرپا سانائەتكار،
ئىگىلىك يارىتىپ، ھەي-ھەي، تۈمەن يەر يېڭى كان كەلدى.

بېھىشتىنمۇ ئىسىل باغلار بېرىپ ئاۋۇن شىرىن مېۋە،
گىلەمدەك كەڭرى ئوتلاقتا پادا كۆرمىڭ قوتان كەلدى.

خالايىق قىلدى ھەر دەم تويى، خۇشاللىق مەشرىپى ئويناپ،
تېپىپ ئەجرىنى ئەمگەكتىن، ھوسۇلى كۆپ خامان كەلدى.

* * *

غۇلاچ تاشلاپ جىمى مىللەت ھايات بەھرىدە ئۈزگەندە،
سۈزۈك سۈنى قىلىپ لايىقى، ئوڭۇ-سولدىن "قىيان" كەلدى.

قارا قۇيۇن كۆتىرىلگەچ، يېپىپ ئەقلىمغا ئىللەتنى،
چىقىپ جار سالدى بىر كاززاپ، ئۈنىڭدىن مالمان كەلدى.

ئامانلىق-بىرلىك بولسۇن دەپ قويۇلغاندا يېڭى ئۇران،
ئىچىدىن ئوغرىسى قايناپ زىيانداش تۆت چايان كەلدى.

سىلىپ چاڭگال ھوقۇققا ھەم ئورۇندى يولنى بۇرماققا،
قىلىپ پىتنە-پاسات قوزغاپ، زۇلۇم ئەلگە ئايان كەلدى.

* * *

خەتەردىن قۇتقۇزۇپ ئەلنى خەلقىنىڭ رايىنى كۆزلەپ،
چىۋەر كومپارتىيەم ئىچرە ھەقىقەتتىن قىيان كەلدى.

بولۇپ لايىق زامانىڭگە، ھۈنەر تۇلپارىغا مىن دەپ،
ئىلىمگە بارچىنى ئۈندەپ يېڭى ئەشئار-ئۇران كەلدى.

يېڭى يۈرۈشكە تاڭ قالدى ئۈچىنچىلەر* بولۇپ زوقمەن،
ئۇقۇپ ھۆششەررە تۇش-تۇشتىن مۇبارەكلەپ بايان كەلدى.

چېلىشتى شادىيانە كۈي زەپەر بەزمىدە سازەندە،
ئوقۇپ مەدھىيە ـ داستانلار زامانغا شائىران كەلدى.

ئوقۇ سالنامىنى قايتا، دىگىن سەككاكى** گەر بولساڭ.
ئۇلۇغ جۇڭگودىكى دەۋران بۇ تارىختا قاچان كەلدى؟

1978 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

---

* "ئۇچىنچىلەر" ــ ئۇچىنچى دۇنيا ئەللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

** سەككاكى ــ 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ غەزەللەردىن باشقا قەسىدىلەرمۇ يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ «ئۇلۇغ بەككە مەدھىيە» دىگەن قەسىدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلبۇل بىلەن تۇتى

(مەسەل)

تۇتاي سوغات پاساھەت تىل جەۋھەرىدىن،
قىلاي چاچقۇ مەسەل سۆزنىڭ گەۋھەرىدىن.

* * *

ئاجۇندا كۆپ باغۇ-بوستان تۈرلۈك-تۈمەن،
گۈزەللىكتە ئۈز بارچىدىن بىزنىڭ چىمەن.

گۈل بېغىمىزنىڭ بۇ ئالەمدە بار ئاتاغى،
مۇۋىسى مول، ئاندىن تولا كەش-راۋاغى.

لالە-رەيھان ئەجەپ بۇندا سان-ساناقسىز،
گۈلزار ئارا بىر چېچەك يوق ھىد-پۇراقسىز.

* * *

سۇرۇپ ئالدىن چىقتى چولپان — تاڭ سىپاھى،
قىلدى تەشرىپ جانلىق ئۇچۇن شەپەق شاھى.

جىمى جاندار باشلىدى جەك سەھەر چاغدا،
ئۈمىت باغلاپ ئۆز رىزقىغا قايتا باغدا.

* * *

بارچە قۇشلار باشلىدى ساز گۈل پەسلىدە،
ھەر بىرىنىڭ سۆزى ئۆزگە، ئۆز نەسلىدە.

بىرى قىلسا نەغمە، قىلۇر بىرى پەرۋاز،
بىرى تەنناز، بىرى شوخ-ساز ھەم خۇش ئاۋاز.

نەۋ باھاردا قىزىل گۈللەر ئېچىلغاندا،
ھەر تەرەپكە خۇش ئەتىرلەر چېچىلغاندا.

قىزىل گۈل جان بولدى جانان بۇلبۇل جانغا،
جان تەسەددۇق قىلۇر بۇلبۇل گۈل جانانغا؛

قىش-ئايازدا گۈل جان ئۈچۈن تارتىپ جاپا،
گۈلگە بەرگەن ئانتى ئۈچۈن ئەيلەپ ۋاپا؛

مەپتۇن بولۇپ قونار شاخقا گۈل شەيداسى،
جىمى جانغا ئاندىن يېتەر كۆي نىداسى.

سۇ بۇزغىنى چالسا بارچە خوي تىڭشىغاي،
ناۋاسىدىن سۆيۈنگەي دىل، جان ياشنىغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىمىكى خۇش ناۋاگۈيىنىڭ كانىدۇر ئۇ،
ئۇچار قۇشتىن سازچىلار سۇلتانىدۇر ئۇ.

* * *

باغنىڭ چېتى كاشىن ساراي، ئايۋان ئىكەن،
گۈل تورۇسى چاقناپ يۇلتۇز كەيۋان ئىكەن.

زەر ئايۋانغا ئىسىلىپتۇ ئالتۇن قونداق،
يان-يېنىدا ساڭگىلاپتۇ ئىسىل مونچاق.

زەر قونداقتا يىپەك تونلۇق تۇتى قونغان،
مەئىشەتتە تېپىپ راھەت كۆڭلى قانغان.

كەلسە بىركىم سالام يوللاپ بۇ خاندانغا،
كۆرۈپ ئەپتىن جاۋاپ قىلغاي ئۇ مېھمانغا.

ئۇلۇغ زاتتىن بىرى تەشرىپ قىلسا ئەگەر،
خوشامەتتىن شۇ ئان تۇتى مەرھابا دەر.

كەلسە پۇقرا سۇپەت، تۇتى قانات قاقار،
"يوق خوجايىن" دەپ سۇرەنلەپ قاغىش تۇقار.

دورامچىلىق — تۇتى قۇشنىڭ توپ خىسلىتى،
خىسلەت ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ نەس ئىللىتى.

قىلۇر تەقلىت ئىملىق بىلەن ئۆدەك، غازنى،
قاغا، قۇشقاچ، ئىت ـ مۇشۈكنى، زال خورازنى.

ئۆزىگە خاس زۇۋانى يوق، ئاھاڭى يوق،
"ناخشىچى" دەپ ئەل ئىچىدە يا دېگى يوق.

ئىلھامى يوق، ئىلھام ئۈچۈن ھەم زوقى يوق
لالىسى يوق، لالە ئۈچۈن ھەم ئىشقى يوق.

* * *

ساھىپ بىر كۈن تۇزۇپ رىجە غەمخان ئىدى،
ئىگىلىكتىن غەم يەپ بېشى قاتقان ئىدى.

تۇتى ئۈنلەپ قاقتى قانات خوشامەتتە،
خوش ياقمىدى خوجىسىغا شۇ سائەتتە.

قونداق بىلەن ئىلىپ باردى باغ چېتىگە،
ئىسسىپ قويدى خوجا تاشلاپ ياش سېدىگە.

ھار ئالمىدى خوجىسىنىڭ قىلىغىنى،
ئويلاپ قويدى ئاڭا گەپنىڭ سىلىغىنى.

* * *

شۇ چاغ بۇلبۇل چالدى سازنى خۇش ناۋاغا،
خوي يېقىملىق يايدى لەرزان كۈي ھاۋاغا.

ئاشىق بۇلبۇل ئىلھام ئېلىپ گۈل بەرگىدىن،
مۇگدىشاتتى گۈل جان بىلەن يۇرىگىدىن.

* * *

تۇتى بىر پەس بۇلبۇلنىمۇ قويدى دوراپ،
لېكىن ھەيران بولدى ئاندىن ئىچى ئاداپ.

باشلىدى سۆز تۇتى گېدەڭ ئۆزىنى داڭلاپ،
قىلغان سۆزى بەرى يالغان، ھەممىسى لاپ:

—تۇرار جايىم بولۇر تۆردە، پەگا ئەمەس،
ھۇنەر ئۇچۇن سۆھبەت كېرەك، بەيگە ئەمەس.

مەرتىۋەم بار، ئېتىمنىمۇ شاھ تۇتى دەر،
بارچە مېنى دۆلەت قۇشى، جان قۇتى دەر.

ساھىپقا باپ مېنىڭ ئىسىل سۆلتىم بار،
سۆزمەنلىكتە شەھەر ئارا شۆھرىتىم بار.

ساھىپ بېرۇر كۈندە ماڭا سۇ بىلەن دان،
مېنى كۆرسە يۈزى گۈلدىن ئۆتە خەندان.

دىگەننى دەپ، بەرگەننى يەپ ئۆتەر كۈنۈم،
"كۈنۈم—جەننەت" دەپ توۋلىسام يېتەر ئۈنۈم.

بىرىمەن خوش ئەردەم بىلىپ ھەركۈن سالام،
ئۇقۇپ ساھىپ شان-شەنىگە شىرىن كالام.

يا سەندە يوق مىنىڭ كەبى راھەت ماكان،
راھەت كۆرەي دىسەڭمۇ يوق سەندە ئىمكان.

سەھەر تۇرۇپ ئۈنلەپ-ئۆكسۈپ ياشلار تۆكۈپ،
چاڭىلدايسەن گۈل شاخىدا قونۇپ-مۆكۈپ.

"ئىشقىمنى مەن گۈلگە بەردىم" دەيسەن كۆيۈپ،
گۈل قاچاندا چىراي ئاچقان سىنى سۆيۈپ.

ئۇرسا يامغۇر نەيزە، بولۇر ھالىڭ خاراپ،
چىقسا بوران ئىندە شۈمشۈپ ياتتىڭ ماراپ.

ئۆچەر چاقماق شەمشەرىدىن ئاجىز ئۈنۈڭ،
"كۈشەندە"نىڭ ئويۇنىدىن تەستۇر كۈنۈڭ.

نە كۆركۈڭ بار، نە سۆلتىڭ، نە جامالىڭ،
سەھەر يىغلاپ، كەچتە توڭلاپ بەتەر ھالىڭ.

قىنى راھەت، سەندە نىمەت، قىنى لەززەت؟
قايسى ئەخمەق سۆيۈپ، قىلغاي سىنى ئىززەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇر ھىسداش گاھى ئەل سەن بىناۋاغا،
ئاغرىتىپ ئىچ سەن ناتىۋان ــ بىداۋاغا.

گاھى ئىنسان تۇتۇپ سېنى قىلغاي ھەبەس،
بولۇپ دەرتمەن ياتار جايىڭ بولغاي قەپەز.

چاغلىدى ئۇ ئۆزىنى ئەر، بۇلبۇلنى يەر،
داگلىغانلار ئۆزىنى شۇنداق ھەرنىمە دەر.

* * *

ئەمدى بۇلبۇل كۆلۈپ تەمكىن سۇردى زۇۋان،
ناۋاسىدىن ئېچىلدى گۈل تۇمەن ـ ئەلۋان.

ــ تۇنىڭ چىچى يايسا كۆككە "زەڭگىسىنى"
ماقام ئەتسە قەمەر ئاسمان ئۆگزىسىنى؛

گۈل ۋەسلىگە بولۇپ مۇشتاق ياتتىم بىدار،
كۆڭلۈم قانار كۆرسەتسە دەپ گۈلۈم دىدار، ــ

دىدى بۇلبۇل، ــ يورۇدى تاڭ بولۇپ كۆكلەم،
كۆكلەم بىلەن گۈل ماكانىم بولدى كۆركەم.

خەندان ئۇرۇپ گۈل مەشۇقۇم ئاچسا چىراي،
نىدا قىلماي گۈل ئىشقىدا قانداق چىداي؟

گۈلگە بارچە قۇش بولالماس مەندەك ئاشىق،
ئاشىقلىقنىڭ شەرتى ئەۋۋەل بولۇش سادىق.

قىزىل گۈلدىن يېتىپ نېمەت لەززەت كەلگەي،
تارتقان جاپا-زەخمەت مەندىن كۆتىرىلگەي.

نەركەس كەبى هاياسىزغا كۆڭلۈم چۈشمەس،
خىيالىمغا كۆڭلى قارا لالە كەچمەس!

ئىككى يۈزلۈك، ئالتە تىللىق گۈل سۆسەنگە
بەرمەي كۆڭۈل، قىلدىم ئىجاز ياسمەنگە.

يۇغۇرۇلغان گۈلنىڭ مېهرى بىلەن زاتىم،
ئۇسىز ماڭا، بەس، ئۆلۈمدۇر بۇ هاياتىم.

بارچە گۈلنىڭ تاجىسىدۇر مېنىڭ يارىم،
ئاڭا جۈپتۇر نامىم، خاستۇر ئىختىيارىم.

بولسا هاجەت راست كېچۈرمەن مالۇ-جاندىن،
كەچمىگەيمەن زادى باغدىن، گۈل جانانىدىن.

جانان ئۈچۈن ئەزىز جاننى قىلىپ قۇربان،
گۈل ۋەسلىگە يەتسەم قالماس مەندە ئارمان.

ئىشق تۇكۇل، سەندە بولماس زەررىچە ئار،
شۇڭا سۆزۈم ھەتتا ساڭا قىلمىغاي كار.

تەييارغا سەن دائىم ھەييار زەر قونداقتا،
يازدان ئايۋان بولسا جايىڭ، قىش قازناقتا.

ئۆزەلمەيسەن ئاچ كۆزۈڭنى داستىخاندىن،
كېمىرگەيسەن ئىگەڭ بەرسە ئۇستىخاندىن.

بەرگىنىڭگە قانماي ئۆزگە ھەم چارەڭ يوق،
چىن دىلىڭدىن سېنى سۆيگەن ھەم تۆرەڭ يوق.

نە ئىشقىڭ بار، نە مەيلىڭ بار، نە ئامالىڭ،
نە زوقىڭ بار، نە ئەھلىڭ بار، نە ماجالىڭ!

خوشامەت دەپ چۆرگۈلەيدۇ ھۇشۇ-كاللاڭ،
مەدھىيىگە ئاغزىڭ دائىم تۇرار ھاللاڭ.

ساڭا قويسا، شەر ئالۇرسەن لاپ سۆز بىلەن،
مۇڭداشقىلى چولام يوقتۇر داپ يۈز بىلەن...

* * *

سەۋرى تۇگەپ بولدى سۆزنى تۈتى قايناپ،
يانا ساتتى سەپسەتىنى تىلىن چايناپ:

— ئۇقمىدىڭمۇ زەرنىڭ بولۇر زەرچە نەرقى،
ئەلمىساقتىن شاھ-گادايىنىڭ بولۇر پەرقى.

دەيدۇ كىشى پۇلى يوقنىڭ كېپى توڭدۇر،
يەنە باركى، چوڭنىڭ خۇلقى يانا چوڭدۇر.

ۋاپا دەيسەن، مەندىن ئۆگەن سەن ۋاپانى،
ئېيتساڭ ئالقىش كۆرمىگەيسەن ھىچ جاپانى.

قىل دىگەننى قىلماي ئىبلىس بولدى مەلئۇن،
ھەمدۇ-سانا تەگرىنىمۇ قىلۇر مەپتۇن.

ئۇپۇراتماي جاننى ساقلاش — ئاقىل ئىشى،
ئۆزگىنى دەپ باش قاتۇرار ئەخمەق كىشى.

ھەق سۆزلىسەڭ باشىڭ كېتۇر، ئەي ساددا دىل،
زورلۇق قىلىپ نوشىرۋان نام ئالدى "ئادىل".

سۇ كەلتۇرگەن خاردۇر، ئەزىز كوزا چاققان،
چۈنكى ئۇنىڭ خوشامەتكە تىلى چاققان.

ھېيتەم تۇتسا روزىنى ساق ئۇزۇن كۈندە،
روزا ئوينار كۈلۈپ ھېيتنى توي-تۆكۈندە.

چۆلدە مالنى باقسا چوپان تاياق بىلەن،
ئىنچۈر قايماق مال باقمىغان ئاياق بىلەن.

خالايىق — مال، ھەقىقەت شۇ، ئەمىر — چوپان،
ھۇشيار مالاي بەگ رەنجىگە ياپقاي چاپان.

خانىدانغا كېلۇر كۈندە ھەر خىل مېھمان،
بىرى قۇتلاپ، بىرى ماختار، كۈلەر مىزبان.

بۇ ئەدەپنى خوپ ئۆگەندىم سۆخەنچىدىن،
سۆخەنچىلەر تاپۇر لەززەت زەر خونچىدىن.

خوشامەت سۆز يورۇتقۇسى مىنەلەرنى،
ھەتتا دىلدىن يوق ئەتكۈسى كىنەلەرنى.

ئاچچىق سۆزدىن قاچار كۈلكە ئۇچۇق يۈزدىن،
ئەل ئېيتىدۇ: تاش ئېرىگەي تاتلىق سۆزدىن.

شۇڭا راھەت دەرۋازىسى ماڭا ئۇچۇق،
تۆرەم ئۈچۈن بۇرچۇم — بولۇش بىر ئاۋۇنچۇق.

دەيدۇ قاغا: بالام ئاپپاق، كىرپە: يۇمشاق،
بۇ — ھەقىقەت، يۇم ئاغزىڭنى، بولما شاقشاق.

* * *

يوللۇق بىلەن باشلىدى سۆز بۇلبۇل ھەققىدە:
— كۆلىمسەممۇ بولغۇدەك بەس، سەن ئەخمەققىن.

يالغانچى دەر ئۇياتماستىن ئاغرىقنى ساق،
دەيدۇ قارايۈز تەپتارتماي قارانى ئاق.

قارا يۈزلەر بۇرمىلىغاي توغرا سۆزنى،
يەتتە دەريا ئاقارتالماس قارا يۈزنى.

تويماس يالاپ يالاقچى، غاجىلاپ غالچا،
تېخى چۈشمەس قولىدىنمۇ تەخسە - خونچا.

ماختانچاقلار كىيىپ بۆزنى تاۋار دەيدۇ،
قارا گۈلنى سىراج ئەيلەپ ئىپار دەيدۇ.

تەييارتاپنىڭ ئەل ئىشىغا بېشى قاتار،
بەزمە دىسە داستىخاندا توغرى ياتار؛

كۆرسە نۇقسان، يوق دەپ دەرھال ئىتەك ياپار،
چېقىم ئۈچۈن ھاسا تۇتۇپ تونىدە چاپار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاۋا بۇلۇت دىسە سەردار كۆزى چاڭقىپ،
خوشامەتچى ياغار يامغۇر دەيدۇ ھالقىپ.

بەزىلەرنىڭ ئۆتەر ئۆمرى يالغان سۆزلەپ،
ئۆز جېنىغا ئالتە كۇنلۇك راھەت كۆزلەپ.

گاھى قەللاپ ناھەق ئەيلەپ ئەل سۆزىنى،
نابۇت قىلۇر ئەل-يۇرتىنى ھەم ئۆزىنى.

سەپسەتىچى كۆنمەس ئىشتا مۇشەققەتكە،
يوقنى بار دەپ كۆز يۇمغۇسى ھەقىقەتكە.

ئەل ھەمىشە ساختىپەزدىن قىلۇر پەرھىز،
قۇرۇق گەپكە ئۇنىمگەي گۈل باغدا ھەرگىز.

ۋىجدانلىق ئەر دائىم سۆيەر ئەل ئىشىنى،
ئەسلىگەي ئەل، ئەلگە كۆيگەن ھەركىشىنى.

ئازات كۆڭۈل بولغان كىشى خوشال ئىشلەر،
ئەركىن باغدا ھالال ئىشتىن ناۋات چىشلەر.

لاپچى لەبلەپ، قىلماي ئەمەل ھەپتە-ئايلاپ،
"پولو يىدىم" دەيدۇ يالغان بۇرۇت مايلاپ.

گۈل سۆيمىگەن كۆرسە ئازغان "گۈزەل يار" دەر،
قىزىلگۈلنى ئىلغىيالماي، تىكەن-خار دەر.

گۈلگە كىرەك تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە زىيا،
تۆت ئامىلسىز ياشنىيالماس باغدا گىيا.

باغۇ-بوستان بولماس ئەلسىز، گۈلسىز ئاۋات،
گۈل تىكەنسىز بولمىغاي، بۇ—ئاددى ساۋات.

چاھارباغدا بولسا بۇلبۇل قىنىپ سايرار،
قىلىپ پەرۋاز بولسا ئەركىن كۆڭلى يايرار.

كىشەنلەنگەن سەن قونداقتا بولۇپ خوشتار،
ئۇچالمايسەن ھەم ئۇچۇشقا جايىڭمۇ تار.

دوراپ كەلدىڭ جان بىقىشقا ئامال ئەيلەپ،
خوش ئاۋازنى ھەسەت بىرلە قامال ئەيلەپ.

ھەققىڭ يوقتۇر داغدام يولنى تارايتىشقا،
ئاقارغان يۈز-چىھرىلەرنى قارايتىشقا.

ئۆگۈت ساڭا: دوراش بىلەن ئۆتكۈزمە كۈن،
ئەجرى تارتماي تاپقىنىڭغا ئەمدى ئۆكۈن.

www.uyghurkitap.com

* * *

ھەقىقەتنى ئاڭلاپ توتى ئويغا پاتتى،
ئۇزاق يىللىق ئادىتىدىن بېشى قاتتى.

چۈشەلمىدى ئۆزەڭگىدىن، چوشۇپ ئاتتىن،
كېچەلمەيتتى زادى سۇنماس ئاش تاۋاقتىن.

* * *

بۇلبۇل سادا قىلدى، باغنى ئەجەپ كۆيلەپ،
كۈلدى غۇنچە بۇلبۇل ئۈچۈن ۋىسال ئەيلەپ.

بارچە قۇشلار بولدى زوقمەن ناۋاگويگە،
قىلدى پەرۋاز كەلتۈرۈپ ماس يېڭى كۈيگە.

1979 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.



## كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە

(تەرجىئى بەند)

كۆك قەرىدە تاك چولپىنى تۇغدى ـ پارلىدى،
كۈن لەشكىرى مەۋجۇداتنى تۈندىن ئايرىدى؛
يىل باھارنى تۆت پەسىلگە رەئىس سايلىدى،
تەبىئەتكە ھايات سۈيى كەلدى ـ يامرىدى.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

قويدى قەدەم كۈن ھەمەلگە قارنى پوش ـ پوشلاپ،
كۆك مۇز ئېرىپ، كەتتى ئەگىز رەزگىنى باشلاپ؛
كىيدى زىمىن يېڭى ئىگىن جەندىنى تاشلاپ،
سىبىخى بولسا باھار رىزقى كېلۇر قوش ـ قوشلاپ.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

قاخشال گىيا ئارام ئايدا ياندى ئەسلىگە،
خوشال كۆكلەم چىمەن تولغاي كۆركى ـ ھۆسنىگە؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جىمى جاندار يۈزلىنىپ چوغ كۆكلەم پەسلىگە،
ياشارغاي جان يېتىپ دىلبەر ـ جانان ۋەسلىگە.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

پەلەك چەرخى بۇرالدى، گۈل چىمەنگە باقتى،
كېلىپ نورۇز جۇت چىللىنىڭ زەنجىرىن چاقتى؛
قاغجىرىغان جان تومۇردا يېڭى قان ئاقتى،
ۋىسال ئەيلەپ نورۇز مېھرى غۇنچىگە ياقتى.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

دىدى غۇنچە: نەۋ باھارىم ـ دىل خۇمارىم سەن،
شۇ ئالەمدە مەن ياراتقان ئەزىز يارىم سەن.
دىدى نورۇز: بويىنۇمدىكى تىل تۇمارىم سەن،
جانىم پىدا ئەركىنىڭ ئۈچۈن، چۈنكى ئارىم سەن.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

دىدى نورۇز: كۈنۈم ئۆتمەس سەنسىز ـ ئاشناسىز،
غۇنچە يۈزۈڭنى كۆرمىسەم، يۈزۈم رەناسىز.

دىدى غۇنچە: نورۇز كەلمەي ھايات مەناسىز،
چىنىم سەندە، بولمىساڭ گەر جانىم پاناسىز.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

گۈزەل ئىسمىڭ راست يېزىلغان نورۇز ئېتىمغا،
مېھرۇ-ئىشقىڭ چىڭ ئورنىغان يۈرەك قېتىمغا؛
تۇرقۇ-خۇلقۇڭ ئەجەپ ياققان ئەقلۇ دىتىمغا،
مەڭگۈ ئۆچمەس ئوت تۇتاشقان جىسمۇ زاتىمغا.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

نورۇز ئوقۇپ كەلدى ناخشا — "ھاي-ھاي ئۆلەن" ۋاي،
غۇنچە ئۇتقاشتەك ياساندى، تاڭ قالدى كۈن-ئاي.
چالدى زامان شادىيانغا ناغرا ھەم سۇناي،
چۈشتى بارچە ھۆر بەزمىگە تۇتۇشۇپ قەن چاي.
كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى،
گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى.

1979 - يىل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەسسالام!

باقتى قۇتلاپ بارچە شەيدا يارجاھانىنىڭ چېھرىگە،
چۈمدى يايراپ غېرىپ جانلار گۈل سەنەمنىڭ مېھرىگە؛
يەتتى قوشلاپ ئەجرى چەككەن مۇھەببەتنىڭ بەھرىگە،
ئاقتى رەخمەت پاك لەۋزىدىن پاساھەتنىڭ مېھرىگە.

يارغا مەپتۇن جەگچى يىللار ئۆتتى ئۇتتۇز تىكىلىپ،
ئاي بولۇپ خىزمەتچى تازىم قىلدى توققۇز ئېگىلىپ؛
ماگدىمىدىن ئۇندى گۆھەر، يەرگە "يۇلتۇز" ئېكىلىپ،
لۇتپىدىن مىندى خالايىق سائادەتنىڭ بەدرىگە*.

قويسا دىلبەر شۇنچە قەدەم گۈزەللىك تىز پۈكمەكتە،
يېڭى، رەڭدار لىباس بىرلە مىنۇت ـ سائەت ئۆتمەكتە.
كۈلسە بېقىپ يار يەنە بىر دەپ ئاشقلار كۈتمەكتە،
خۇش كۈيىگە مۇنتەزىر ئەل يەتتى يارنىڭ قەدرىگە.

چاپتى ئارزۇ كىيىگى شوخ ھۆر كۆكۈل بوستانىدا،
توختىماس يەتمەي نىشانغا پەللىنىڭ ئاستانىدا.

* بەدرە ــ ئون تۆت كۈنلۈك ئاي، تولۇن ئاي.

بولسا شائىر ھەممە، كۆيلەپ يارنى مىڭ داستاندا،
قىلسا ھەم قانچە تەشەككۇر تېخى ئازدۇر پەخرىگە.

ئەسسالام! بەختىم، قۇۋانچىم يار تۇتۇپ قولۇڭنى مەن،
جان تىكىپ ماڭدىم ئۇنۇتماي سوگدىشىپ يولۇڭنى مەن.
بولسا جەننەت ھۆرى نازلىق بەرمىدىم كۆڭلۈمنى مەن،
يۈرىگىم، ئىشقىم-گۇۋاھىم، جان پىدادۇر ئەمرىگە.

1979-يىل 25-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاندىن - مۇندىن

(بەش پارچە)

### باھار ئىشتىياقى

مەرھابا، ئەي، گۈل باھارىم كەلدىڭمۇ سەن،
ئۈمىت باغلاپ كۈتكىنىمنى بىلدىڭمۇ سەن؛
دائىم كۈلۈپ ئاچساڭ چىراي بارچە كۈلەر،
دەپسەن ماڭا: ۋىسالىمدىن كۈلدۈڭمۇ سەن؟

ئاتىڭ ئۇدۇل كۆكسۈمگە كۆز نەيزىسىنى،
ئاھ، جان دىسەم، سۈردۈڭ كۆڭۈل پەيزىسىنى.
كۈندە جانىڭ چېچەكلىسۇن دىسەڭ جانان،
شەرۋەت بىلەن تولدۇر تېنىم ھەۋزىسىنى.

نەۋ باھارغا بولدى چىمەن تاقتى تاق،
گۈل چىمەنىڭ كۆڭلى قانسۇن باغرىڭنى ياق.
سائادەتتىن ياغدۇرۇپ نۇر دىلكىشىڭگە،
ئەي، گۈل باھار ھەمدەم بولۇپ ھالىمغا باق!

## ئۆمۈرنىڭ قىممىتى

بىلىمسىزدە بىرلىك بولماس، دەيدۇ رەنا،
ھەم ئەقىلسىز ئىجتىھاتتىن چىقماس مەنا.
دىلىڭ سادىق، بىلىڭ مەھكەم بولسا ئەگەر،
پەيتىنى بىل، بولغاي بىلىم گۈلى رەنا.

چىن بىلىمنى كىم تېپىپتۇ تار ھوجرىدىن؟
تاپتى مەھمۇت ھەم ناۋايى ئىش ئەجرىدىن.
كۆتمىگەي كۈن-ئاي ھېچقاچان قول قوشتۇرۇپ،
ئۆتسە ئۆمۈر كۆيگەي يۈرەك ياش ھىجرىدىن.

قايسى گالۋاڭ كۈنگە قارشى شام ياققۇسى،
قايسى مەرگەن كۆككە ئوقنى بوش ئاتقۇسى.
زېھىن كۆزىدە باقمىسا كىم ئۆمرىدە،
جاھالەتنىڭ دەرياسىدا شۇ ئاققۇسى.

### دوستۇمغا!

شەددات كەبى نامۇنەڭگە بولما ھېرىس،
ھالال يىسەڭ سىڭۇر تەنگە ھەتتا جىرىس.
چوڭ ئىمتىھان—خەلقىڭ ئۈچۈن قۇللۇق قىلىش،
يۇرت قەدرىگە يەتكەننى ئەل ئەتكەي ئەزىز.

پاپدا چىقماس سۆيمىسە قىز سۆيگىنىڭدىن،
چۆرگىلەپ سەن پەرۋانىدەك كۆيگىنىڭدىن؛
"ئەي پەلەك" دەپ داتلىساڭمۇ، زۇۋان چىقماس،
ھاياتىڭدىن بىپەرۋا ئۇ ئۆيگىنىڭدىن.

## كۆڭلى قارا

بەزى مەخلۇق يار ـ دوستىغا تۇزاق بولۇر،
تۆھمەت بىلەن ئوت يېقىشقا قوۋزاق بولۇر؛
يامانلىقتىن ئۆزگە ئەمەل ئۇنىڭغا يات،
گۇناسىزنى كۆيدۈرۈشكە دوزاق بولۇر.

ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنى كىم؟ ـ كۆڭلى قارا ـ
ئىش ـ ئەمەلى پىتنە تېرىش ئەل ـ يۇرت ئارا؛
بىرەر مەزگىل تاپقاي بازار ھايانكەشتەك،
ياتار جايى بولغاي ھامان تەھتى سەرا.

......

تاڭ سۇلتانى كەڭ ئۇپۇقتا باشاق ئاتتى،
گۈگۈن شامى چىراغپايدىن موللاق ئاتتى.
يورۇق كۈنگە رەقىپ بولغان كۆڭلى قارا،
يوقالسۇن دەپ، بارچە قايناپ قوشاق قاتتى.

## ماۋزۇسىز

كۆرمىسەممۇ مەيلى راھەت ئۆمرۇمدە مەن،
جانانىمغا تىلەي ئەزگۈ كۆڭلۇمدە مەن.
يەتسە قۇربىم ياسار ئىدىم يارغا جەننەت،
تۈزۈپ بەزمە، ساقى بولاي كۆكسۇمدە مەن.

1980 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تاپ يولۇڭنى، ئەي يىگىت

بىكەتتە كوڭكا كۈتۈپ تۇراتتىم،
ئەل ئىچىدىن بىر يىگىت ئۇچراتتىم؛
ئەتەي سۆزۈمگە ئۇنى قاراتتىم،
باغرىم ئېزىلگەچ دۇردانىلەرگە.

ئەي بەرنا يىگىت، سۆزگە قۇلاق سال،
ساڭا قويغۇم بار بىر-ئىككى سوئال:
ھاياتلىق ئۇچۇن يوقمۇ چىن ئامال،
خۇشتار بولامسەن ۋەيرانىلەرگە؟

چىچىلىك گەجگىدە، ئەپتىڭمۇ سەۋدا،
قولدا بۇتۇلكا، توساپسەن يولدا؛
سەن نەدە بولساڭ شۇ يەردە جودا،
چۆپقەت بولامسەن مەيخانىلەرگە؟

تۈندە ياتمايسەن "تانسا" دەپ سەكلەپ،
كۈندۈزى بىكار يۇرىسەن لەيلەپ،

يامانلىن قورقۇپ يۈۋاشنى چەيلەپ،
بىشەم بولامسەن يارانلىرىگە؟

ئىككى نان تاپساڭ بىرنى داپ چالدىڭ،
كىشى ھەققىغە قىيا كۆز سالدىڭ؛
بىكار تەلەپ دەپ يۇرتتا نام ئالدىڭ،
"مېھمان" بولامسەن زىندانلىرىگە؟

ھەقنى - ۋىجداننى ئىختىيار ئەتمەي،
ئىلمۇ-ھۈنەرنى دىلغا يار ئەتمەي؛
يۇرتتۇڭنى قايتا گۈل دىيار ئەتمەي،
قەدەم قويامسەن گۈمرانلىرىگە؟

ھۇشۇڭنى تاپقىل، ئەي، يىگىت - ئوغلان،
تەقدىرنى ئۇڭشا، غەپلەتتىن ئويغان،
ياشلىق چېغىڭدا چېلىشقا ئاتلان،
بولمىغىل ئۇلپەت سەرسانلىرىگە!

ئاناڭ دىلىدىن مۇھەببەت ئاققان،
سېنى بالام دەپ باغرىغا ياققان؛
تەشنا تۇرۇپمۇ شەرۋەتتە باققان،
توپا چاچمىغىن غەمخانلىرىگە.

www.uyghurkitap.com

شەيتان سۆزىگە سالما قۇلاقنى،
ئىچسەڭ سۈيىنى بۇزما بۇلاقنى؛
تۈزەت ئەپتىڭنى، يىرتقىن قۇراقنى،
دىلكەش بولمىغىل مەستانىلەرگە.

نادانلىقىڭدىن چۈشمە تۇزاققا،
كۆڭلۈڭنى بەرمە لەيلىقازاققا؛
بۇرنۇڭنى كۆرمەي، باققىن ئۇزاققا،
يولنى توغرىلاپ نىشانىلەرگە.

تەبىئەت ئۆزى سىخىلىق قىلماس،
قۇرۇق تىلەكتىن ھوسۇل تېپىلماس؛
تەلمۈرسەڭ ھايات كۆزىگە ئىلماس،
قارا كۈرەشچان مەردانىلەرگە!

نومۇسنى ساقلا غەۋغا ئىچىدە،
تارتقىل تىلىڭنى ئوغا ئىچىدە؛
بى نەزەر بولغىل "سوغا" ئىچىدە،
ئەمدى ئىشەنمە ئەپسانىلەرگە!

ئاچتى كەڭ قۇچاق ساڭا زامانە،
ھۈنەر باغىدا قىلغىن سەيلانە؛

گۈلدەك جامالىڭ بولۇر نۇرانە،
سەنمۇ يېتەرسەن كاشانىلەرگە!

1980 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## روناق تاپقىن رەنا قىز

كۆزۈك ئاھۇكۆز، قارا قاشلىرىڭ،
جاننى ئالاتتى بىر قاراشلىرىڭ،
ئامان بولسۇن دەپ ئەزىز باشلىرىڭ،
بارچە تىلەيتتى، گۈزەل جانان قىز.

مەگزىڭ ئاناردەك، لىۋىڭ جىنەستە،
تىشلىرىڭ ئۈنچە، ئاغزىڭ گۈل پىستە،
چاچلىرىڭ سۇمبۇل قىرىق تال-دەستە،
جانلار تەسەددۇق ئىدى، رەيھان قىز.

بويلىرىڭ زىبا، بەئەينى شەمشاد،
ساڭا شەيدادى مىڭلىغان پەرھاد،
بولدى خۇلقۇڭدىن ئەلنىڭ دىلى شاد،
ئەردەم بابىدا ئىدىڭ جەۋلان قىز.

قولۇڭدا كىتاپ كۆزلەپ يىراقنى،
تۇنلەپ ئوقۇيتتىڭ پەرلەپ چىراقنى،

نادانغا تەگلەپ قەلەم ـ يارانى،
بىلىم باغىدا قىلدىڭ سەيلان قىز.

سۈت بەرگەن ئاناڭ غەمدىن بوش ئىدى،
ئاسراپ چوڭ قىلغان ئاتاڭ خوش ئىدى،
ئەلنىڭ ئالقىشى ساڭا قوش ئىدى،
ئۇچماقچى بولغان تاقاپ پەيكان قىز.

بىردىن ئۆزگىرىپ ئوقۇشتىن تەزدىڭ،
بېشىڭ تۆرىگەن ئەگرى يول كەزدىڭ،
غەمخور ئاناڭنىڭ باغرىنى ئەزدىڭ،
تويۇق كوچىغا كىرىپ قالغان قىز.

ئويۇن ـ تاماشا ئوقىتىڭ بولدى،
گۈلدەك جامالىڭ قويۇندا سولدى،
ئوتلۇق دىلىڭغا دەرت ـ ئەلەم تولدى،
گاڭگىراپ ئەقلىڭ بولدى ھەيران قىز.

قالمىدى ئەسەر ئاردىن يۈزۈڭدە،
ھىرىس ئويىندى جادۇ كۆزۈڭدە،
قالماي پاساھەت قىلمىش سۆزۈڭدە،
قانات ـ قۇيرۇقسىز يەردە "تەيران" قىز.

ناممۇ قازاندىڭ "ئايال لۇكچەك" دەپ،
سەتلىدى شەيتان ئېخى "شەپشەك" دەپ،
ئۆگىشالمىدىڭ ھېچ شۇنچە تەستەك يەپ،
سېنى بۇلغىدى "چالا مەيدان" قىز.

ئىپلاس ھايات دەپ تۇغۇلغانمىدىڭ؟
ئويناپ- كۈلۈشكە چوڭ بولغانمىدىڭ؟
"بېيت" يادلاشقا ئوقۇغانمىدىڭ؟
جاھىل قەستىگە، بولما نادان قىز!

قارا جاھانغا، پەندە ئۈزغانغا،
بويۇيتۇرۇقنى چېقىپ بۇزغانغا،
ياشلىق دەۋرگە لەۋھە يازغانغا،
شۇلارمۇ سەندەك تىرىك ئىنسان قىز!

بىلىم—قۇۋۋەتتۇر، سائادەت ياسار،
ئۆگەن ئەجداتتىن، بولغىل ئىز باسار؛
تاپساڭ يولۇڭنى، سېنى كىم توسار؟
ياشلىق—غەنىمەت دەپ بىل چەندان قىز!

بىلىم باغچىسى قۇرۇپ يايرا قىز،
ھۆنەردە بۇلبۇل بولۇپ سايرا قىز،

يۇرتۇڭ چىمەندۇر، ئەركىن يايلا قىز،
قايتا ئېچىلسۇن يۈزۈڭ خەندان قىز!

1980 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## پۈتمىگەن شېئىر

”ئىلى“ نامىنى كۆپ كۆردۈم
ئۇلۇغ مەھمۇت كىتاۋىدىن.
كۆرۈش ئارزۇسىدا يۈردۈم،
دولقۇنۇڭ خىتاۋىدىن.

* * *

ئاۋار، ئۈيسۈن، چىگىل، ياغما،
كۆپ ئىز قالدۇردى بوزلۇقتا.
ئېرەم باغىمۇ تاك قالغان،
خىجىل بولغاچقا ئۈزلۈقتا.

تېكەس ساي، كۆك دالا، يۇلتۇز،
ئىچۇر سەندىن ھايات سۈيى.
بويۇڭدا مەلىلەر ”يۈز - يۈز“،
سېنىڭ ۋەسپىڭدە خۇش كۈيى.

ئالپ ئەرتوڭا ئوغلانىڭ،
يېشىل ۋادەڭدە ئات سالغان.

"قاش" سۇ دېگەن ئېرماغىڭ،
بېكە قىز — "قاز"دىن نام ئالغان.

چىقىش بىلەن پېتىش ياققا،
بولۇپ رىشتە تۇران تۈزدە.
كىتاندىن تاكى ئىراققا
يۈرەر كارۋان ئاياز - كۈزدە.

بولۇپ كەز ئەلچى جاڭ چيەنمۇ
ھەۋەس قىلغان قول ئاتىڭغا.
قاغان تەختىدە شۇەنزاڭمۇ
ئىچكىز تەككەن شارابىڭغا.

يولۇغ چۈسەي ساياھەتتە،
ئوقۇغان شەنىڭگە داستان.
يەنە رۇبرۇك زىيارەتتە،
سېنى دەپتۇ ئەجەپ بوستان.

چېچىپ خۇشبۇي گۈلزارىڭدا
يۈسۈپ سەككاكى دەرس بەرگەن.
تۇغۇلۇپ چوڭ گۈزەرىڭدە
بىلال نەزمىدىن سەپ تۈزگەن.

تىمۇچىن پۈشتىدىن تۇغلۇق
سۇرۇپتۇ بىر مەھەل دەۋران.
كېلىپ چيەنلۇڭ دىگەن: يوللۇق،
قىلۇرمەن دائىما جەۋلان.

تېرىپ بۇغدايىنى خار بولغان
"تارانچى" دەرتتە ئاھ ئۇرغان.
قوشاقچى سادىرىك—پەلۋان،
چىقىپ گۇندىغا لوم ئۇرغان.

يەنە ئۇچشالمىدى ئالەم،
بېشىدا ئوينىدى چوقماق.
بىراق، ئالەم بولۇپ مالەم،
بۇلۇتنى ياردى نۇر چاقماق.

كى دەردىگە داۋا ئىزلەپ،
ئىسىل پەرزەندىك ئەخمەتجان؛
كاپالەتلىك بەخت كۆزلەپ،
ساڭا بولدى تەسەددۇق جان...

*　　*　　*

گۈزەل ھۆسنۇڭدە چاقناپ نۇر،
كۆكۈل يورۇدى نۇرانە.

كۆيۈپ ئىشقىڭدا مەس بۇلبۇل،
سەھەر ئەيلەيدۇ تەرانە.

* * *

يۇگۇردى قان چىرايىڭغا
قىزىل تاڭ ئاپتاۋىدىن.
يازايكى نەزمە نامىڭغا
ئانا يۇرتۇم خىتاۋىدىن...

1982 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قاش*

ئۆرۈمچىدىن ئەل-يۇرت كېزىپ كەلدۇق قاشقا،
قەلەمكەشلەر توپ بولۇشۇپ قوناق ئاشقا.

* * *

قاشنىڭ بويى بۇ دۇنيادا جەننەت ئىكەن،
پۈتكۈل ئېلى ۋادىسىگە زىننەت ئىكەن.

قاشنىڭ سۈيى بارچە سۇدىن سۈزۈك ئىكەن،
قاشنىڭ ئېلى بىر بىرىدىن تۈزۈك ئىكەن.

سۈزۈك قاشتەك، قاش قىزلىرى ئىشچان ئىكەن،
قەلبىگە كىر قوندۇرمىغان پاك جان ئىكەن.

ئەر-ئوغلانى ئىرغاي كەبى مەھكەم ئىكەن،
ئەمگەك سۆيەر ئەل ئىچىدە كۆركەم ئىكەن.

---

* قاش — ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر جاي.

ئەل ـ ئايمىغى ئىناق ـ كۆمەك ياشار ئىكەن،
مال ـ جانلىرى سايغا سىغماي يايلار ئىكەن.

دەستۇرخانى هەر قوناققا ئېچىق ئىكەن،
بەركىتىدىن مېهمان يۈزى ئوچۇق ئىكەن.

قېمىزىنى تېتىپ كۆردۈم شەرۋەت ئىكەن،
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ بەرگىنى ماي ـ ئەت ئىكەن.

قاش سۈيىدەك هايات تاشقىن ـ قايناق ئىكەن،
قاش بويىدا ئۇيغۇر، قازاق ئىناق ئىكەن؛

ئەلمىساقتىن يۇرتداش بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن،
قېرىنداشمىز دەپ دىلىغا پۈككەن ئىكەن.

* * *

قاشنىڭ ئېلى قاش سۈيىدەك قىلۇر جەۋلان،
داغدام يولدا مەڭگۈ قايماي ئېتەر دەۋران!

1982 ـ يىل ئىيۇن، ئىلقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سالام، كۈنەس ئېلى!

سالام، قارداش-قېرىنداش كۈنەس ئېلى،
قۇياش كەبى نۇرلانغان كۈنەش ئېلى.
ئۇزاقتىن كۆپ كۆرمەكنى ئارزۇلىغان،
ئاشىق ئوغلۇڭ كەلدى، ئەي، دىلكەش ئېلى.

تا ئەزەلدىن تەگرىنىڭ* كۆزىدۇرسەن،
تۇران تۈزدە جەننەتنىڭ ئۆزىدۇرسەن.
تارىخلاردا سەيياھلار سۆزىدۇرسەن،
بىر ئاتادىن تۆرەلگەن تۇردەش ئېلى.

تارىم بىلەن جۇڭغارنىڭ تۈگۈنى سەن،
ئۇزاق يۈرەر كارۋاننىڭ چۈشكۈنى سەن،
جاھان ئارا گۈلزارلار گۈلگۈنى سەن،
ئاق نىيەتلىك ئادەمگە سىرداش ئېلى.

---

* تەگرى — تەڭرى تېغى.

يېتەلمىگەچ ئىسكەندەر كۆپ ئۇسسىغان،
ئاقساق تۆمۈر ئۆتەلمەي جان قاخشىغان،
ئاتامانلار تۇمشۇققا يەپ شوخشىغان،
مەن-مەن دىگەن باتۇرغا سەركەش ئېلى.

تاك جارىقتەك دانىشنى ياراتقان يۇرت،
ياغراق، ھاشىم كۈيىنى تاراتقان يۇرت،
گۈل ھۆسنىگە كۆپلەرنى قاراتقان يۇرت،
ئاقىن-ئەدىپ، ئەنچىگە ئىرداش ئېلى.

داڭقى چىققان پۇتكۈل ئەلگە كىر ئاتىڭ،
قارتايماپتۇ ماناپ دىگەن چال ئوزاتىڭ؛
چېلىش دىسە بارنى سەن قۇلاتىڭ،
يۇرتۇمغا بولدۇڭ قاشقا-بويداش ئېلى.

مەنمۇ سېنى قەدەم جاي قىلاي دەيمەن،
گۈلزار-چىمەن ھۆسنۈڭگە تويااي دەيمەن،
ئىپار كەبى بۇيۇڭنى پۇراي دەيمەن،
ئالغا كەتكەن يۇرتقا بول قۇرداش ئېلى.
كۆركەم ئىدىڭ، ئۇز ياشا، كۈنەس ئېلى،
بولسۇن سەندە تاماشا، كۈنەش ئېلى!

1982 - يىل ئىيۇل، كۈنەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ناخشا تېكىستلىرى

## ئەجرى قىل

— زەلىلىگە نەزىرە ("راك" مۇقامى III بۆلۈكى "نۇسخا"نىڭ 1 ـ نەغمىسى ئۈچۈن)

كىمكى غەيرەت قىلسا ياشلىق — مەۋسۇمى باھارىدىن،
تاپقۇسى ئەجرىنى ھەردەم ئەمگىكىدىن — كارىدىن.

جانۇ-مانىنى بېغىشلاپ كۆزلىگەي ئەلنى ھامان،
كەچسە ئۇ شەخسى غەرەزدىن، نامۇنەڭنىڭ بارىدىن.

ئۇرغىسۇن جىسمىدا ساپ قانى چېلىشتا ھەرقاچان،
بولمىسا قاچقۇن سەپەردە، قىلچە يۇقماس ئارىدىن.

ھەر نە مۇشكۈل بولسىمۇ ھېچ زەررىچە بىلىنمىگەي،
ئەل ئۈچۈن تەر تۆكسە، ئۆزگەي ئەجرىنىڭ ئانارىدىن.

ئەل نەزەرىدىن ئېچىلغاي چىن يۈرەكلىك ئەر كۆزى،
بولسا چىن سۆز كەلگۈسى شان، ئەل سۆزى-ئەپكارىدىن.

1977 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## سازىم

("راك"مۇقامىIII بۆلۈگى "نۇسخا"نىڭ 2 ـ نەغمىسى ئۇچۇن)

تىلغا كىرگەن خۇش ساتارىم نۇسخىدىن بەردى سادا،
بولدى جۆر سۆھبەتكە تەمبۇر ناخۇنە تەككەچ ئۇدا.

بوزلىدى قۇبۇز، نىپىر ـ نەي، تەكتىگە چېكىلدى داپ،
بولدى ھەيران قۇمرى ـ بۇلبۇل، بولدى سەۋدا ئىشقىدا.

سازى يوق قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ ساز ـ سازنىڭ ئىشى،
سازچى ئۆز بۇرچىنى جان دەپ ساز بىلەن قىلغاي ئادا.

قەن ـ ھەسەلدە ھەم تېپىلماس بۇ مۇقامنىڭ لەززىتى،
دىل ھوزۇرىدىن ئېچىلغاي ھەم بولۇر غەمدىن جۇدا.

نۇسخىدا ئىزھار بولۇپ راك، يەتتى كامالەتكە ساز،
بولدى سۆھبەت ئەھلى شەيدا، ۋەسپىدىن قىلدى نادا.

1977 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## بىل

("راك" مۇقامى II چوڭ نەغمە — تەزى 2 ـ نەغمىسى ئۈچۈن)

ئەي، ئۆمۈرنىڭ ياشلىغى ـ باھارىنى ھەمىشە بىل،
ئۆتمىسۇن بىھۇدە ئۆمرۈڭ كارىنى ھەمىشە بىل؛

www.uyghurkitap.com

چىنىقىپ ئۇستا ـ كۈرەشتە ـ بىل ھاياتنىڭ يولىنى،
ھەر قەدەمدە كەشپ قىل ھەم چارىنى ھەمىشە بىل.

ئەي ئوغۇل ـ قىز جەڭگىۋار تۇغنى كۆتەر، تېز ئالغا باس،
كۈيلىسەڭ زەپەرنى جەڭ دۇتارىنى ھەمىشە بىل.

ئەي پىداكار ـ جان كۆيەرلەر كۆز تىكىپ ئالغا قارا،
نەرە تارتىپ ئاتلىغىل ئۆرنەك بولۇپ جاھان ئارا.

1977 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## مەن

("راك" مۇقامى II چوڭ نەغمە ـ تەزى 3 ـ نەغمىسى ئۇچۇن)

بارلىغىمنى ئەلگە بەردىم ھەرقاچان ھەر چاغدا مەن،
ئەل ئۇچۇن جان تىكمىسەم گەر يۈز تۇمەن مىڭ داغدا مەن.

ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ چەكسەم جاپا راھەت ماڭا،
مېھنىتىمدىن مىۋە ھاسىل بولغۇسى دەپ باغدا مەن.

ئەگدۈرۈپ باش چۆلنى قىلدىم كەڭ ئېكىنزار ـ گۈلغىزار،
مۇز يېرىپ ئۆستەڭ ئېلىپ يايدىم غولاچ ھەم تاغدا مەن.

قوغدىماققا جان ئېلىمنى گاھى ئالسام گاڭ قورال،
چەيلىگەيمەن شۇم رەقىپنى شۇ ئەزىز تۇپراقتا مەن.

1977 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## بەختىيار

("راك" مۇقامى 2 ـ داستان ئۇچۇن)

يوقسۇل ئىدى زۇلمەتتە چېكىپ زەخمەت، خار،
پەريات ئۇرۇپ غۇربەتتە، بۇردا نانغا زار؛
ئاسارەتنىڭ ئىلكىدە سانسىز گادالار
سەۋرى تۈگەپ، قۇياشقا بولغان ئىنتىزار.

كۈنچىقىشتىن كۈن تۇغدى، چۈشتى شولىسى،
كەلدى باھار، قوغلاندى قىشنىڭ چىللىسى؛
ياشنىپ تاڭ نەقىشدىن زېمىن چېھرىسى،
كۆلمىگەنگە ئۆمرىدە كۈلكە بولدى يار.

ئانا تۇپراق جانلىنىپ بولدى گۈل چىمەن،
بۇ چىمەندە رەيھانلار ئۈندى مىڭ تۈمەن،
يوقسۇل ـ گادا چىمەندىن بولدى بەھرىمەن،
جاندىن ئەزىزدۇر شۇڭا بۇ ئالتۇن دىيار.

ئېيتىپ يۈرەك سۆزىنى ئەركىن ھاۋادا،
مېھرى بىلەن سازەندە نەغمە ـ ناۋادا؛
ئايان بولدى رەققاسنىڭ زەۋقى سامادا،
چۈنكى كۆڭلى ئىچتى سۇ، بولۇپ بەختىيار.

1977 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

## ئەل قەدرى

("راك" مۇقامى 3 - داستان ئۈچۈن)

ئەل قەدرىنى ئەلسىز بىلمەس،
ئەل ئىچىگە چۆكمەگۈنچە؛
ئەل بەختىنى كارسىز بىلمەس،
ئەل دەپ جاپا چەكمەگۈنچە.

ئەل دىمىگەن ئەلنى سۆيمەس،
ئەل ئىشىغا ھەرگىز كۆيمەس؛
ئەل رەنجىدىن قىلچە ئۆيمەس،
ھالال تەرىن تۆكمەگۈنچە.

ئەلنى ئاسراپ مەردۇ-مەردان،
ياتقان يېرى بولدى زىندان؛
ئەلگە قۇربان بولدى چەندان،
ئەلنى ئازات ئەتمەگۈنچە.

ئاسىلاردا يۈرەك بولماس،
بىگانىلەر يۆلەك بولماس؛
قۇرۇق ۋەدە كىرەك بولماس،
ئۆز جانىدىن كەچمەگۈنچە.

توغرا يولدىن باتۇر يانماس،
كۆرەش قىلماي ھەم جىم ياتماس؛
مەنزىل ئىشسىپ تىنىم تاپماس،
نىشانىغا يەتمەگۈنچە.

ئەل چاقىرسا سادا قىلغىن،
ئەلگە جاننى پىدا قىلغىن؛
ئەل بۇرچىنى ئادا قىلغىن،—
قەرزىڭ تۈگەل — پۈتمەگۈنچە.

1978 - يىل، ئۈرۈمچى.

## ۋەتەن

كۆزۈمنىڭ قاراغى سەن،
كۆڭلۈمنىڭ چىراغى سەن؛
ئەقلىمنىڭ بۇلاغى سەن،
جان - دىلىستانىم ۋەتەن.

بۇلبۇل شەيدايىڭ بولاي،
جەڭچى پىدايىڭ بولاي.

ھاياتلىق ماكانىم سەن،
بەختىيارلىق كانىم سەن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپتىخارىم، شانىم سەن،
تىلدا داستانىم ۋەتەن.

پاسىۋانىڭ مەن بولاي،
كۆرەشتە قۇربانىڭ بولاي.

1979 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## باتۇر يارىم بار

تيانشاننىڭ ئۈستىدە،
باتۇر ئاتلىق يارىم بار.
يۈرىگىمنى تىڭشىسام،
شۇنىڭغا ئىختىيارىم بار.

يارىم سەپكە ماڭغاندا،
ئاق يول تىلەپ ئۇزاتتىم.
مەنمۇ ئىشلەپ زاۋۇتتا،
يېڭى رىكورد ياراتتىم.

ئۇنى ماھىر مەرگەن دەپ،
بېرىپتۇ شەرەپلىك نام.
بۇ خەۋەردىن خوش بولدى،
ئاتا ـ ئانام ھەم خوشنام.

ئۇتۇق بىلەن كەل يارىم،
كۆتتۈم يولۇڭغا قاراپ.
بۇلبۇل مەسەل تىلىمدا
ئۇتىمەن شېرىن "شاراپ".

1980 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## گۈلۈم

گۈل دېگەننىڭ گۈلى سەن،
قىزىل ئانار يۈزى سەن.
ناخشىچىنى سايراتقان،
يۈرەكتىكى سۆزى سەن.

باققا كىرىپ گۈل ئۈزدۈم،
گۈل ۋەسلىگە مەن تەشنا.
كۆڭۈلنى گۈل ئاچىسا،
كىم بولۇر ئاڭا ئاشنا.

سەن قىزىل گۈل، مەن بۇلبۇل،
باغدا سەيلان يۈرگەندە.
ئاي بىلەن كۈن گۇۋاھدۇر،
ساڭا ۋەدە بەرگەندە.

1980 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاغزى هاك قالسۇن

(لەپەر)

قىز: يارىمنىڭ ئېتى ئۇلغار،
ئىش-ئەمگەكتە قايناىدۇ.

يىگىت: گۈل باهارنى بىركۆرسەم،
يۈرەكلىرىم ئويناىدۇ.

قىز: گۈلۈمنى قىساي دەيسىز،
ۋەدىدە تۇرالامسىز؟

يىگىت: بولسام تاغدا مەن پەرهات،
سىز شىرىن بولالامسىز؟

قىز: ئېرىق چېپىپ ئېتىزغا،
گۈلۈم سۇغا بەك تەشنا.

يىگىت: گۈل كۆكۈلنى ئاچمىسا،
كىم بولار ئاڭا ئاشنا!

قىز: گۈلزاردىكى رەيهانغا،
كىمنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ؟

يىگىت: ئەقىدىلىك يۈرەكتىن
يارنىڭ ئوتى ئۆچمەيدۇ.

قىز يىگىت: گۈل ئىشقىدا ناخشا ئېيتساق،
بۇلبۇللارمۇ تاڭ قالسۇن.
قول تۇتۇشۇپ بىز ماڭساق،
هورۇن ئاغزى هاڭ قالسۇن!

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

## يار-يار

(لەپەر)

قىز: تولا قاراپ يولۇڭغا كۆز تالمىدى، يار-يار،
يىگىت: قولۇڭ تۇتماي يۈرەكىم هىچ قانمىدى، يار-يار.
قىز: مۇهەببىتىڭ يۈرەكتە يالقۇنلىدى، يار-يار،
يىگىت: هىسسىياتىم سۆزۈڭدىن دولقۇنلىدى، يار-يار.
قىز: ئىشچانلىغىڭ هەممىگە بەك ياقىدۇ، يار-يار،
يىگىت: ئىشقا ئەپچىل قولۇڭدىن گۈل ياغىدۇ، يار-يار.
قىز: مەرۋايىتتەك تەرىڭدىن گۆهەر ئۈندى، يار-يار،
يىگىت: پاختىزاردا سىياقىڭ گۈل كۆرۈندى، يار-يار.
قىز: ئىجات قىلىپ هۈنەردە يول باشلىغان، يار-يار،
يىگىت: ئەلاچى دەپ خالايىق ئالقىشلىغان، يار-يار.

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

ئىمىن تۇرسۇن

هەۋەس

(شېئىرلار)

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن هاۋازى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1985 ـ يىل 2 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1985 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

قاتتىق مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باهاسى: 1.15 يۈەن

ئاددى مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باهاسى: 0.51 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 向　往

（诗集）

（维吾尔文）

伊明·吐尔逊著

责任编辑：亚森·阿瓦孜
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米　1/32　印张：5 1/8
1985年2月第1版
1985年2月北京第1次印刷
精装印数：0001—500册　定价：1.15元
平装印数：0001—3,500册　定价：0.51元
书号：M10049(4)178